سەيىد ئەبدۇلجەلىلسىن ھەم نەقىب بولدۇم دەپ ئولتۇر-
غان تۇرغان ئابدال دەرۋىش فەقىر مىسكىنگە جەۋىر-
زۇلۇم قىلىساڭ يارلىغ يۇسۇندىن قۇرۇق زىرار ئىركى
سىن دەپ مۇھۇرلۇغ نىشان تارىخ توققۇز يۈز يىگىرمە
تۆرتتە قۇتلۇغ رامازان ئايىدە ئاستانادا بىتىلدى.

## نوسخەنىڭ تەرجىمەسى

مىن ئەبۇلمۇزەففەر سولتان مەنسۇرخان، تۇرفان
شەھەرىندە تۇرغان مەنسەپ ئىيەلەرى، فۇقرا ھەم قازى-
لارغا تاپشۇرغان سۆزىم شولدۇركى: سەيدى غەبدۇلجە-

لیلنی تۇرفان ۋىلايەتىنە بىلگىلەدىك. خۇسۇسەن خاسىيەتلى خەزىرەتي نۇر چەچۇچى ئالىپ - ئاتانىڭ تۇرغان ئورنىنىڭ ۋەقفەلەرى، ئانىڭ باشقارۇۋنىدا بولسىن. ۋەقفەلەرنىڭ كىرىملەردىن ئۆز ئورنىدا ئىشلەتسىن. خەزىرەتي سۇلتان يۇنۇس خان سەيىد غەبدۇسسەممخان ئاغامىز (ياتقان ئورنى نۇرلى بولسىن) نىڭ خاقىنىدا، قارا خوجادا ئون تاغارلىق بۇغداي جىرى. بىر باقچا، ئىككى تىگىرمەن سيۇرغال قىلىپ ئايىردىغان ئىكەن. قىرىق تاغار بۇغداي جىرى، بىش پارچە كىپەز جىرى مازار ئۇچىن ۋەقفە جىر دىپ ئىككىسىنلەر دىگەن ئىكەن. بىزدە شول قاغىدە بويىنچا سەيىد غەبدۇلجەلىلنى ھەم يوغاردا يازىلغان جىر - سۇنى ئىگىپ، تىنچ كۆڭىلدە ئوتىرىپ دۇغا بىلەن شوغىللانىپ، ئۆتكەن - كىتكەن يولاۋچىلارغا چاماسىنچا تاماق بىرىپ ئۇزاتسىن دىدىك. بۇگا بارلىق ئوتىرغان - تۇرغانلار بوي سۇنىپ، ئىرتە - كىچ ئانىڭ بۇيىردىن ئىشىتىپ رىغايە قىلغۇلار.

قارا غوجانىڭ بىگى ۋە دارۇغاسى؛ ئىگىن جىرىن، ئاغار سۇۋىن تيماي - توقتاتماي، تالاش - تارتىش قىلماي، قاغىدە - رەسىملەرگە توسقىن بولماغۇلار.

سەيىد غەبدۇلجەلىل سىمىندە، بۇ ئىشكە ئىيە بولدىم دىپ ئوتىرغان - تۇرغان تىلەمچى، دەرۋىش، فەقىر - ميسكىنگە جەبىر - زۇلىم قىلساڭ، يارلىق قاغىدەسىندەن زارار تارتاسىن. — دىپ مۇھۇرلى نيشان يازىلدى. تارىخ توغىز يۈز يىگىرمە قۇتلى رامازان ئايى، ئاستانادا يازىلدى.

ئاخىرقى يازۇ خەت سۇلۇس بولۇپ قول يازمانى ئۇقۇپ چىقىۇ قىيىن بولغانلىقىدىن، مەرھۇم سۇلتان ئەخمەد خان ۋاقتىدا خەت جەلى (جەلى فورماسىنا) ئۆزگەرتىلگەن. كۆچىرىلمەندە بۇرۇنقى تەۋەلىيەنىڭ تۆۋەن ياغىنا قوشىپ ئىككىنى بىر قەغەزگە يابىشتىرىلغان نۇسخەسى ئىكەن.

بۇل نۇسخە تۆۋەندەگىچە:

ئەبۇلمەساكىن سۇلتان ئەھمەدخان ئانداغ ۋازىخ ۋە لايىخ بولسۇنكىم باستۇكەفغۇلئەشفاق ئەلەلئۇممەمى مەئەدەنۇل ئەدىلى ۋەلجۇدۇ ۋەلھۇمەم جامىئۇلفەزلىل ۋەل-ئىخسانەسسۇلتان زىللۇللاھۇ فىلئەرز مەۋرىدىغا مۇۋافىق بولۇپ دۇئاگويلار خوشنۇدلۇغى فۇقرالار دىلجۇلۇغى پەرىشان كۆڭىللار جەمئىيەتى ۋەيرانلار ئىمارەتكە راغىپ بولۇپ ھەر پاراكەندە ۋە بىر جامان ئۇستىگە سايائى رەفاھىيەت سالۇر ئىدىلەر خۇسۇسەن ھەزرىتى مەنسۇر خانلىقنىڭ فايزىلىئەنۋار ھەزرىتى سۇلتان ئالىپ - ئاتا-نىڭ لەنگەرىنىڭ ئەۋقافى ۋە مەھسۇل ئەۋقافىنىڭ تەسەر-رۇفىنىڭ بارىسىدە بىرگان نىشان ئالىشانلارى ئەيتىپ ئىكەن ئانى تافشۇرۇپ ۋەيرانلارىنى تەئەممىر قىلدۇرۇپ ئۇل نىشاننىڭ زىلىدە بىئەينى بىر ھەرف نەزدىيادە ۋە نەكەم نۇسخە قىلدۇردىلار تائىنىكى ھەر كۆرسەۋات ئۇل نىشاننىڭ ئىچىداكىنى ئۇقۇپ بىلالىكە قادىر بولغاي دىپ ۋە نۇسخەتە هازا ئىنتەھا يۇقارۇدا خەت سۇلۇس ئىلە بىتىلمىش تارىخ توقۇز يۈز يىگىرمە تۆرتدا ئولان تولمىيە نامەيى بىغىبارەتە ۋە بىئەينى تەھرىر ئەيلەپ

ئاخىرىنە بونى رەبىت قىلىمىش. مۆھۈرىنىڭ سۆرەتى بۇدۇر (ئىمىن خان).

## يوغارداغى نوسخەنىڭ تەرجىمەسى:

مىسكىنلەرنىڭ ئاتاسى، سۇلتان ئەخمەد خاندان شوندي ئاچىق رەۋشان بىلدىرىلدى: شەفقەت مېھرى بىلەن قۇۋۋاندىرۇچى، كىشىلەرگە غەددىللىكنىڭ مەغدەنى ھىممەتلى فەزىلەتىن توپلاغان خەيىر - ئىخسانلى سۇلتانىمىز، جىر - يۈزىنىڭ خىمايەچىسى سىفاتىدا مۇۋافىق بولىپ، دۇغا قىلۇچىلارنىڭ قۇۋانشى، فۇقرالارنىڭ كۆڭلىن تابىۋچى، قايغىلى، ۋەيرانلارنىڭ خەلىمىنە قىزدىغىپ، ھەربىر فاراكەندە ۋە يامان ئوبستىنە ياخشىلىق كۆلەڭكەسىن تۆشۈرۈچى ئىدى. خۇسۇسەن خەزرەتي مەنسۇر خانلىقىنىڭ ئۇرىدا تۇلغان خەزرەتي سۇلتان ئالىپ - ئاتانىڭ ئورنىنىڭ ۋەقفلەرى ۋە ئانىڭ كىرىملەرىن، باشقارۇ تۇرىندا خۇرمەتلى بۇيرىق خۇججەتلەرى بىرىلگەن ئىكەن. ئانى تاپشىرىپ، ۋەيران بولغانلاردىن ياڭادان ياساتىپ، ئول بۇيرىقىنىڭ مازمۇنىدا بىر خەرىف سۆزنى ئارتىق - كىيىم قىلمىي كۆچىرگىزدىلەر. ھەربىر ئادەم بۇيرىقنىڭ مازمۇنىن ئوقىپ تۆشىنە ئالسىن دىدى. بۇ نۇسخە ئەۋەلىدە خەت سۇلۇس بىلەن يازىلغان. تارىخ توغىز يۈز يىگىرمە دۆرتتە يازىلغان تولمىيەنى ئۆز سۆزى بويىنچا كۆچىرىپ ئاخىرىدا بۇنى قوشتىق. باسىلغان مۆھۈرنىڭ سۆرەتى: (ئەمين خان)

مۆھۆرىنىڭ يازىۋىندا «خان» دېگەن سۆزدەن باش-
قاسىنى ئانىق ئوقۇرىغا بولمىي.

سوڭغى خانلارنىڭ بۇ ۋەقنى تۇرالى بېرگەن ئىس-
باتى تۆبەندەگىچە:

ھۆۋەلغەنى ئەبۇننەسىر سۇلتان سەئىد باھادىرخان غازى سۆزىم جەمشىد شانكىتى سەتان راۋماسىنان قىبرىن-داشلارى بىلەن ئۇلىسيا ھەزرەت نىر رەفئەت فەردۇن فەردارا نىشان فەرزەندلارغە سىپىر تۇرفان قەلەمرۇينىڭ سۇدۇر دەستۇر ئايىن سەئەدەن قەردىن ۋە نەقاباي سەددرى نەشىن ۋە سادات غەزام ۋاجىبۇل ئىختىرام ۋە قۇززات ئەنام شەرىئەت ئەنجام ۋە مۇدكىرام فەرخىندە خەرجام ۋە روساي نىكۇنام بىلە بىتەخسىس قارا خوجا ئاستاناسىنىڭ ھاكىم ۋە دارۇغالارى باشلىغ ئاقساقال ۋە قارا ساقاللارى بىلە ئەرباب سەنايىئ (بۇيەردە يارتى يولدان ئارتىغىراق يازۇ ئۆچۈپ كېتكەنلىگىندەن ئوقى ئالمادىم) ھۆۋەيدا بولسۇنكىم جەناب سىيادەتە مۇئاب ۋە كەمالات ئەكتىساب دىيانەت ئاسار ھەقىقەت شۇغار سەيىد شاھ تالىبىنىڭ سەلاھ ۋە سەلاھىيەتى ۋە تەقۋى قابىلىيەتىنى ئاڭلاپ بابالارىنىڭ دەستۇرى بىلە ھەزرەتى بۇزۇرۇكىۋار نۇرۇللاھۇ تەربىتەنىڭ مەرقەدى مۇتەبەر-لارىدا پېشۋا ۋە ساھىپ تەكبىر قىلدۇق تا سەيىد مۇشار ئىلەيھىدىن بى ئىزنىن ھېچكىم نەزىر ۋە نىيازىغا دەخىل تەئەررۇز قىلغۇچى بولماسۇنلار ۋە ھەر نەزىر ۋە نىيازىد-كە-غە كېلسا نەسفى قىلىپ نەسفىنى سەيىد مۇشارىن ئىلەي نەسفىنى شەيخلارغا ئەئىيالارىغا كەمراق مۇفلىس-

لاردىغا زدىيادىرەك تەقسىم قىلىپ بەرسۇن زەندە ھەم كىلىسە نەسىنىي سەيىد مۇشاردىن ئىلەي نىسىنىي شەيىخ-
لارغا بىرسۇن ۋەتەقى مۇشاردىن ئىلىيەي ئەندەل ئىھ-
تىياج ئۆز نەفسىغە سەييدلارنىڭ ھەسەسىدىن ئالسۇن
ۋە دىگەر بىر سۇلارى ھەم قىراداقى قىردق تاغارلىق
بىر تۈن ئالغۇ ئون تاغارلىق بىر قاقىردا ئون تاغارلىق
بىر ۋە مەجمۇغى قورۇق يىرلار ۋە سۇلاردىنى بىربىر
بولسۇن① ۋە ئۈچ توتام ئۈچ ئىلىك جورغە سۇلاردىنى
قىش ۋە ياز تىيغۇچى بولماسۇنلەر ھەشار مەددكار قارا-
ۋۇل جەكداۋىل ئۇشۇر ھەققۇللە قورغال شۈرەچى نەق-
قارەچى كۆكچى ئۇتۇنچى بازار بېگى سىرانە ۋە جەممى
ئەلەمدار دەخىل ۋە تەئەررۇز قىلماسۇنلار ھەر كىم
شەيىخ ۋە سەييدلاردىن مۇشاردىن ئىلىيەنىڭ خىزمەتىنى
كەمايەتبەغى بەجا كىلتۈرسۇنلار ئۇ شەيىخلارنىڭ ھەس-
سەسىدىن ھەم ئالسۇن كىمماكىم يارلىغ يۇسۇندىن
ئۆزدگا قىلسە سىياسەتكە سازاۋەر ۋە غەزەپكە گىرىپتار
بولغۇسىدۇر دىپ مۇھۇرلۇك نىشان ئالىشان ساقى بايان
تارىخ مىڭ ئالتىمىشىنچى توشقان يىلى مۇھەررەم ئايى
شەنبە كۈنى دارۇلسەلتەنە تۇرفاندا بىتىلدى. ئىنتىھى
ئۇشبۇ سۆرەتتە مۇھۇردىدۇر.

(مۇھۇر)

يوغارغى تېكىستىنىڭ تەرجىمەسى:

① ئىيسكى ئارگىنالىدا «بىربىر بولسۇن» دىگەن سۆزنىڭ
ئۆستىنە بىزدە نۇقەت چېكتىك - ئافتور

ئەبۇنەسىر سۇلتان سەئىد باھادىرخان غازى سۆ-
زدم: جەمشىد كىبى شانلى يىللاردان بىرلى غالىب قەرد-
ىنەشلەر بىلەن غالىي خەزرەت يوغارى دەرەجەلى
فەردۇن كىبى پارلاق فەرزەنتلەرگە باشتان ئاخىر قە-
لەمگە ئالىنغان جىرلەرىمىزدەگى قاغىدەلەرگە بويسۇنۇچى
غەمەلدارلەرىمىزگە، بەختتكە ياقىن تۆرەلەرىمىزگە خۇرمە-
تلەۋگە خەقلى كىشىلەرگە، شەرىغەتنى يۇرگۈزۇچى ئا-
بىرويلى ئادەملەر قۇۋانىچ بىلەن ئاتاقلى باشلىقلار بىلەن
قاراخوجا، ئاستانانىڭ خاكىيم، دۇرغالارى باشلىق ئاقساقال
قارا ساقاللار بىلەن ھۆنەرمەنلەر.....① ئانىق بولسۇنكى:
جاناب سەيىد دەرەجەلى كەمالەتكە جيتىشكەن دىييانەتلى
خەقيقەت شۇغارلى سەيىد شاھ تالىبنىڭ سەلاھىيەتىنى
ۋە تەقۋالىق قابىلىيەتىنى ئېشتىپ، بابالارنىڭ يولى
بىلەن خەزرەتي شەرەفلى فۇرۇللا ياتقان پاك ئورنىغا
باشلىق ھەم ساخىپ تەكبىر قىلىپ بيلگىلەدىك. بۇ سە-
يىددەن رۇخسەتسىز ھيچ كىم نەزىر - سەدەقەگە ئارالا-
شۇچى بولماسىن. ھەربىر كىلگەن سەدەقەنى ئېيكىگە
بۆلىپ ئۇشبۇ سەيىد شەيىخلارغا يارىمىن باشقالارغا
يارىمىن، بايلارغا ئازىراق، فەقىرلەرىنە كۆبىرەك بۆلىب
بىرسىن. جانلى مال كىلسەدە يارىمىن ئۆزى قالغان
يارىمىن شەيىخلارغا بىرسىن. يەنە بۇ سەيىدىكە كىرەك
بولىپ قالغاندا ئۆزىنە شەيىخلەرىنىڭ ئۇلۇشىندەن ئالسى-
ن. باشقا جير سۇلاردان: قىراداغى قىرىق تاغارلىق جير،

① بۇجيردە يارتى يولدان ئارتىغى ئۇچىپ كيتكەنلىك-
دەن ئوقۇغا بولمادي - ئافتور

تون ئالغۇ ئون تاغارلىق جىيرى قاتىردا ئون تاغارلىق جىير بارلىغى قۇرۇق جىيرلەر ۋە سۇلارنى بىر بىر بۆلىسىن. ①ئۈچ تۇتام ئۈچ ئىيلىك جۇرغا سۇلاردىن قىش - ياز تو- ختاتىماسىن، ھاشار - مەددىكار، قاراۋۇل، غەسكەر، غۇشۇر جىيىۋچىلار، ناغىراچى، كۆكچى، ئوتىنچى، بازار بىگى، سىرانە ھەم بارلىق غەلەمدارلار ئارلاشماسىن، قول تىقـ ماسىن. بارلىق كىشىلەر شەيىخ - سەيىدلەردەن بۇ كىـ شىنىڭ خىزمەتىن ئەيتكەندەي ئورنىلاسىن. ئول شەيىخ لەرنىڭ ئۆلۈغ مەندەن ئالسىن. كىمدە كىم بۇ يارلىقتان باشقاچا قىلسا، سەياسەت بويىنچا جازالى بولىب، غەزەپ- كە يولىغادى. دىيپ مۇھۇرلىك خالى ئىسبات بيرىلدى. تارىيخ مىڭ ئالتمىشىنچى. قويان يىلى مۇخەررەم ئايىنىڭ شەنبە كۈنى، سالتانات ئورنى تۇرفاندا يازىلدى. سۆز ئاخىرىندا مۇھىرىم باسىلدى.

مۇھۇر. (يازىۋى ئۆچكەن)

سۇلتانلارنىڭ ھەر قايسى بۇ غەزىنى مۇنچالىق خۇرمەتلەۋلەرنىڭ سەبەبى بۇ كىشىنىڭ كەرامەتلەرى ۋە غادەتتەن تىش بەغزى ئىشلەرىنە قاراتا بولغان. خەزىردە دە بەغزى كەرامەتلەرى ئانىق ئاچىق كۆردىلە ئىيمىش. شۇنىڭ ئۈچۈندە زىيارەت قىلىۋچىلار ئىيخلاسلارى بىلەن خوجامنى ياردەمچى قىلىپ ئاللادان مەقسەتلەردىن تىلە- سەلەر مۇراتلارى ئورنىلانار ئىيمىش. ئىخلاس قىلىپ بويىسۇنۇچىلارغا باشپانا بولالا، دۇغا - تىلەكلەرىمىز

---

① ئىيكى نوسخادە «بىربىر بولسۇن» دىگەن سۆزنىڭ ئۈستىنە سىزىق تارتىلغان - ئافتور

قابىل بولا دىيىپ ئىشانالار. فال ئاچۇ تۇرىندا ئىشلەتىلە تۇرغان گۇلباك① دىگەن بىر نەرسەلەرى بار. بىر كىشى-نىڭ ئاۋرۇۋى ئۇزاقتا سوزۇلۇپ يازىلا ئالماسا گۇلباك كۆتەرەلەر. ئاۋرۇ كىشى ئۈچ كۈن ئىچىندە ساقايىپ جاپادان قۇتۇلار ياكى ئۆلۈپ كىتەر ئىكەنمىش.

خوجامنىڭ تۆگەرەگىندە ۋاڭلارنىڭ تۈرلى بوياۋلار بىلەن بىزەلگەن، پىشكەن كىرپىش بىلەن ياسالغان قەبرىلەر ۋە گۈنبەزلەرى بار. ئىچلەرىندە تۈرلى يازۇ-لارى بولۇپ، كۆبىسىنىڭ تارىخ يىللارى يازىلماغان. بىر قەبرىنىڭ ئىشىك باشىنا يازىلغان تارىخى تۆبەن-دەگىچە:

بىسمى سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا ھەمدۇبى ھەدۇ سەناى بى ئەدەد خۇداۋەندە بىر ھەق ۋە پادىشاھى مۇتلەقغە-كىم ئۆزىنىڭ قۇدرەت تاۋانالىق سىفاتىنى ئىزھار ئەي-لەپ سەلاتىنلار زۇمرەسىنى ۋە ھاكىملار خىلىنى ئىنتى-زامى ئالەم ۋە مەسالىھۇ بەنى ئادەم ئۈچۈن ھاكىم قىل-دى ۋە بۇ جۈملەردىن ھەزرەتى چاساق ئىسكەندەر ۋاڭ ھاكىمىنىڭ بىكلىگى كىم كاشغار دارۇسسەلتەنەتىدە ۋالى ھاكىملىغ مەسنەدىدا ئولتۇرغان ھالەتىدە پەدەر بۇزۇ-رۇكۋارلارى مەرقەدىنىڭ ئىمارەتىنى تەجدىد ئەيلەمەكنى ئىرادە ئەيلەپ تارىخغە بىر مىڭ ئىكى يۈز يىگىرمەدە كاشغەر ۋىلايىتىدىن زەھرىدى ئۇستادلارنى ئىبەرىپ مەر-

① يازۇچى «گۇلباك» غا ھىچ ئىزاھ بىرمەگەن. مىن سۈراشتىرسام قەبرىنىڭ تۇپ ياغىنا قويۇلغان دۇمباق ئىكەن. ئىھتىمال باقچىلاردان قالغان نەرسە بولسا كىرەك — ت

قەدىرانۇر ئەنۋر تەئەمىرىنى ۋە پىش ئەيۋان ئىمارەتىنى
كاشەئى مۇنەققەش تەزەيىنى بىرلە مۇزەيىيەن ۋارەستە
ئەيلىدى ئىنتەھى ئۇشبۇ ئاندە ۋاڭلارنىڭ دەخى كۆنىدە
فەسلە ۋە ئىمارە يەئىنى جامائەلەرىندىن فەۋەت ئولانـ
لارى مەنسەبدارۇ ۋە غەيرى مەنسەبدار ئۇلسۇن جاي
مەئىھۇدە قۇيۇب ئادەت قەدىمەلەرى ئۆززەم ئاكابىر ئۇـ
لەمالەرىندىن بىر ئادەمى قەبىرنىڭ ئۈستىنە يۈز بازيادە
ۋە ياكەم خەتىم قۇرئان ئوقۇماق تەئىن ۋە قىرىق كۆن
ئاندە ئىستىقامەت تەھسىس قىلۇلار بەئدە ھۇلۇلۇلمۇدەت
دۇئا فاتىھەسىنى ئالۇب ئىزەنى ۋە ئىجازەت ۋىرۇرلار.

## يوغارغىنىڭ تەرجەمەسى:

بىسمىللا باشلاپ ئول ئاللاغا چىكسىز ماقتاۋ، سانـ
سىز سەنائەيتەمىن. ئول بىر خەقىيقى خۇدا، مۇتلەق
يادىشاھ ئۆزىنىڭ قۇدرەتلى سىيفاتىن كۆرسەتىپ سۇاـ
تانلار، خۇكۇمدارلارنى دۇنيانىڭ ئىنتىزامى، ئادام بالاـ
لاردىن باشقارۇ ئۈچىن خاكىم قىلدى. شول قاتاردان
جاساق خەزرەتى ئىسكەندەر ۋاڭ خاكىمىنىڭ بىكلىگى
چاغىندا، قاشقاردا ۋالي خاكىملىق مەنسەبىندە ئوتىرـ
غان ۋاقىتتا، خاسىيەتلى ئاتاسىنىڭ قەبىردىن ياڭارتىپ
ياساماقچى بولسپ، تارىخقا بىر مىڭ ئىكى يۈز يىگىـ
مەسى قاشقار ۋىلايەتىدەن چىبەر ئۇستالار جىبەرىپ،
ياتقان ئورنى نۇرلى بۇ قەبىرنى سىرلى كىرپىشلەر بىلەن
بىزەپ ياساتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋاڭلار جەمەغەتىنـ

دەن مەنسەبلى ياكى مەنسەبسىزلەرنىڭ قەبرىلەرىندە بۇ
جىرگە قويۇپ بۇرۇنقى غادەت بويىنچە غۇلەمەلەردەن
بىر كىشىنى يۈز مەرتەبە ياكى ئارتىق كىيم ساندا خەتىم
قۇرئەن ئوقىرغا تەغيىن قىلغان. ئاندا قىرىق كۈن ياتىپ
ئىستىقامەت قىلىپ، ۋاقتى تولغاندا دۇغاسىن ئالىپ قاي-
تالار.

ۋاڭلار ئەسلى تۇرىندا ئىختىلافلار بولۇب، بەغىزىلار
ئەۋلگى خانلارنىڭ نەسلىندەن دىسە ۋە بەغىزىلەرى
خەزرەتى ئافاقنىڭ ئىيمىن ئىسىملى دىندار بىر مۈرىت
سوفىسى بولىپ ئانىڭ ئەۋلادى دىلەر ۋە بەغىزىلەر
مەزكۇر ئىيەن خەزرەت ئافاق تەرەفىندەن تۇرفان
خاكىملىغىغا قويۇلغان دىيەلەر. ئافاق خوجا ئۆلگەندەن
سوڭ ئانىڭ ئوغىللەرى يەنە ئەۋلگىدەي خاكىملىققا قو-
يىلغان. بۇ ئارادا ئافاق خوجانىڭ ئىتتىفاقداشى ئىلى
خانى قۇنتاجى ھەم غەلەمدەن ئۆتىپ ئىككى مەملەكەت
ئاراسىنا غەداۋەت تۈشىپ، ئىلىغا قاراشلى قالماق ئىلى
تۇرفانغا ھەر ۋاقىد كىلىپ، بۇلاپ- تالاپ تىنچسىزلاندى-
رىپ تۇرغان. ئىيمىن ۋاڭ قاشقارداغى خەزرەت ئافاق-
نىڭ بالالارى ئاي خوجا، كۈن خوجالاردان ياردەم سۇرا-
غان ۋاقىتدا، بۇ ئىككى خوجانىڭ ئۆز ئارالارىندا ئىتتى-
فاقسىزلىق تۇۋدلىپ، ئاق توغ، قارا توغ دىيىپ ئۆز- ئۆز-
لەرىنە غىنۋان بىرىشىپ، ئىككى گۇرۇھقا بۆلىنىپ كىيت-
كەنلەر ئىكەن، ئانىڭ ئۈستىنە جىرلى خاكىملەردە، ھەر
بىرسى ئۆزلەرى تۇرغان شەھەرلەرىندە مۇستەقىل ئىش
كۆرىشىپ، خۆكۈمەت باشقاردۇغا زىيان جىتە. بۇ تاراف-

تان ئۇيمىن ۋاڭغادا خەۋەپ زورايا. ئۇيمىن ۋاڭ غىلاجىسىز قالغانلىقىدىن ئۇجەن خانغا① ئەسكەر سوراپ ئەلچى يىبەرە. خان ئەلچىلەرنى قارشى ئالا. بۇ ۋاقىتتا قالماقلارنىڭ زارارى دەۋلەتىنىڭ باشقا رايونلاردىنادا تەسىر قىلا باشلاغانلىقىدىن خانىنىڭ خەبەرى بولۇپ تۇرغان. مەركەزى خۆكۆمەت قالماقلارنى باسىقۇ ئۈچىن چېرىك جىبەرگەن. بۇل چاقتا ئۇيمىن ۋاڭدا كۈچ توپلاپ، مەركەز ئەسكەرلەرنە ياردەملەشىپ قالماقلارنىڭ كۈرەسى② ئۇرناشقان ئۇيلى ۋىلايەتىن ئالغانلار. تاۋلارغا قاچقان قالماق ئەسكەرلەرىن ئۇيمىننىڭ ئەسكەرلەرى قوۋىپ ئەسىر ئالغانلار، ھەم ئالارنى بېجىڭگە جىبەرگەنلەر.

ھىجىرىيە 1150 - 1200 - يىللار ئاراسىندا قۇلجا شەھەرى بىنا بولغان. ئاندان مەركەز ئەمەلدارلارى تۇرغانغا بارىپ، ئۇيمىنگە ۋاڭلىق دەرەجەسىن بىرگەنلەر. ۋاڭ جىرلى قۇقرا، خاكىملارنى مەنسەپكە قويۇ، خىزمەتدەن قالدىرىۋ، خەتتا ئۆلىمگە بۇيرۇغا قەدەر خۇقۇقلى بولغان. مەغەشىنە مەركەزدەن يىلىنا كۆپ يامبۇ بېرلگەن ۋە ئەۋلەتدەن - ئەۋلەتكە ۋاڭلىق مىراس قالماق شارت بولغان. ئۇيمىن ۋاڭ مەركەز ئەسكەرلەرىنە يول باشلاپ، قاشقارغاچا بولغان جىرلەرنى قولغا كىرگىزگەنلەر. بۇ ئىشلەرگە ئىشىك ئاچىۋچى ئۇيمىننىڭ خىزمەتى سەبەبلى بالادان - بالاسىغاچە ۋاڭلىق مەنسەپىندە

---

① ئۇجەن خان - چىڭ سۇلالىسى خانى - ت

② كۈرە - خۆكۆمەت مەغنەسىندە - ت

ئوتىرىپ، ياقۇپ خان دەۋرىدە خاكىمىيەتلەرى مۇنقە-
رىز بولغان.

«ئەددەھرۇ مۇشتەرىكۇن بەينەنناس» (دۇنيا كى-
شىلەرگە ئورتاق) دىگەن ماقال بويىنچا دەۋردەن - دەۋر
گە ئۆزگەرشلى سەبەپلى، ئادەملەر ئاۋشىپ بەختلەرى
يولداش، تەخلەيلەرى قولداش بولىپ ھىجرەتىنىڭ
1293 - يىلى ياقۇپ خان ئۆلىپ خىتايلار ئالتى شەھەرگە
ئىككىنچى مەرتەبە خاكىمىيەت ئورناتتى. يوغالىپ بى-
تكەن ۋاڭ ئەۋلەتلەرى خۆكۈمەت تارافىندان سۈراشتى-
رىلىپ ئىمىن ۋاڭنىڭ ئالتىنچى نەبرەسى مەخمۇتنى
تاۋىپ، ئانى بابالارىنىڭ ئورنىنا ۋاڭ سايلاددىلار. مەخمۇت
ۋاڭ خەزىر لۈكچىن شەھەرىندە ۋاڭلىق خاكىمىيەتىنى
يۈرگىزمەكتە.

ئاستانا بىلەن تۇرفان ئاراسىندا كۆتى يۇغان دى-
گەن تۇرادان جەنۇبى ۋە شەرق تارافىندا شەھەر،
ئاۋىللار بارلىغى ۋاڭنىڭ باشقارۇىندا بولىپ، ۋاڭغا خان
تارافىندان يىلىنا ئون ئالتى يامبۇ مەغەش بيرلە. ۋاڭ
خاكىمىيەتىندە ئىسلام قانۇنى بويىنچە مۇفتى، قازى،
رەئىسلەر بار. ھەر ئىش شەرىغەتكە قاراشلى ئەغلەملەر-
نىڭ فەتۋاسى بىلەن يۈرگىزىلە. ۋاڭنىڭ خاتىنى فۇجۇڭ
غىنۋانىندە مەنسەبتە بولا. فۇجۇڭ ياردم ۋاڭلىق خۇقۇق
خەزىرگى فۇجۇڭ مەخمۇتنىڭ ئۆگەي ئانىسى. ئاناسى
ئۆلسە ئاندان خاتىنى فۇجۇڭ بولا.

مەخمۇت ۋاڭنىڭ ئاتاسى ئەفرىدۇن ۋاڭ، ئانىڭ ئا-
تاسى مۇخەممەد سەيىت ۋاڭ، ئانىڭ ئاتاسى زۇنۇن

ۋاق، (خالىقلار زوۋاق دېيىپ يۇرىتەلەر) ئانىڭ ئاتاسى ئىيسكەندەر ۋاق، ئانىڭ ئاتاسى ئىيمىن ۋاق سىوغىش بابىندا باتىر.

ئۇشى ئىيمىن ۋاقنىڭ نەسەپ تارىيخىندا بىر نىيچە تۈرلى فىكىرلەر بار. بەغىزلەر بۇرۇنغى خانلار ئەۋلاددىندەن بولىپ كەيىن خەزرەت ئافقاق خوجا خىزمەتىندە بولغان. ئىش كىيلەرلىك كىشى دېيىپ، تۇرفانغا خاكىيم قىلىپ قويىغان بولىرىغا تىييش دېسەلەر. بۇندان ئەۋۋەللەرىندەنۆك تۇرفانىنىڭ هەر جىيردىگە ۋاق قوييىماق تۇرا كىيلسە، ئۇشى نەسلىدەن ۋاق قوييماق خىتايلارنىڭ قانۇنى ئىيكەن. كەيىن جاهانگىر خوجا ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ، جاهانگىر خوجانى جىيگىپ ۋە ئەسىرگە ئالىپ، ئورنىنا قاشقاردا ئىيسغاق ۋاقغا، ۋاقلىق دەرەجەسىنى بىيىرگەن ۋە قاشقاردا ۋاق بولىغان. سوڭىغى ۋاقلار ئانىڭ ئەۋلادى دىيىۋلەردە بار. بۇ ئىيسخاق ۋاق ئەۋەلدە سەۋدەگەر بولغان كىشى. جاهانگىر خوجا ئەخۋەللەرى، ياقۇپ خان ئەخۋەللەرى بىلەن بىرگە يازارمىن. ئاللا بۇيۇرسا!.

تۇرفان ۋىلايەتىنىڭ مۇفتى قازىلارىندان باشقادا زور غۇلامەلەرى بار. ئالاردان بىرسى ئاستانانىڭ مۇدەررىسى موللا ئەبدۇلمۇقت ئاخۇن دېگەن كىشى ئىيكەن. مۇرەككەپ قىيىن مەسئەلەلەرگە جاۋاپ بىيرە ئالارلىق تەقۋا غالىم. فارىسچە ياخشىغىنە سۆيلىي ئالا. ئۆز- ئارا ئوتىرۇلاردا مەكتۇبات شەرىيف، غەيىنىلغىلىم كىبى ۋەغزە كىيتابلاردىن ئوقى. بۇ كىشى فەقەت تۇر-

فانداغىنا ئىمەس، بۇتۇنلەي ئالتە شەھەر بويىچىدا
بىرىنچى دەرەجەدەگى غالىم دييەرگەدە ياري. ئىسكى
كيتابلاردا ئاز ئيمەس. بىر كفايە كيتابىن كۆردىم.
يازدلغانىغا دۆرت يۈز يىلدان ياكى ئالتە يۈز يىلدان
ئارتىغراق بولغان شيكىللى، ئانىغى خەتىرىمدە قالماغان.
غەرەب گىراماتيكاسىن ئوقۇپ ياتقان شەكىرتلەرى بار.
ئاخۇننىڭ بىر ئوغلى شۇندي ياخشى ئوقىغان، غەرەب
تىلى گىراماتيكاسىن چيشكەندە جانىڭ رەخەتلەنە.

بۇ غۇلامەلەر قاتارىندا ساخىپ تەكبىر سابىر ئاخۇن ديگەن كىشى بولىپ، سۇلتان ئالىپ - ئاتا خوجەنىڭ ۋەقفلەردىن باشقارۇچى مۇتەۋەللى ھەم نازىر ئيكەن. يەنە لۆكچىنىڭ مۇدەررىسى لۆكچىن مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسى بەكرى ئاخۇن ديگەن كىشى دىغار يولىندا ئۆز كاردزى ياقىنىدا بىر مەسجىت ھەم مەدرەسە سالىپتى. يۇرتىدا شۇل جيردە، جۇمغەغە توغىرى كيلگەنلىكتەن كۆردىشىپ ئيسەنلەشتىك. ئەممە كۆپ تۇرالماغانلىقتان كۆبىرەك فكىرلەشىپ فايدالانالمادىق. تۇردىدەن قارغاندا قاغىدەلى ياخشى ئادەم ئيكەنلىگى بىلىنە. بۇ زاتلارنىڭ ھەر بىرى ئوشى ۋىلايەتنىڭ قۇتۇپ يولدىزى دييەرلىك تەقۋا كىشىلەر. جانابى ئاللا بۇلار بىلەن يەنە كۆردشۈنى ناسىب قىلسىن ئامىن.

بىر كىشى بۇخاراغا بارماسادا، باشقا جيرلەرنى كۆرمەسەدە غيلىمگە تىرىشسا، غالىم بولىۋ مۇمكىن ئيكەنلىگىن، بۇ كىشىلەرنى كۆرگەندە ئويلى ئالامىز. لەكين سەياخەت، كۆرگەن - بىلگەن ئەلبەتتە ياخشىراق.

باغىر دېگەن جىيردە تىمىر قازى دېگەن مەشھۇر كىشى بولىپ، ياخشى ئىشلەر خەيىر - ساخاۋەتتە ھەممە- دەن ئارتىق دىيپ ئەيتەلەر. ھىجرىيە 1303 - يىلى خا- جىگە بارۇر سەفەرىندە خوتەن شەھەرىنە بارغانىدا را- مازان ئايىندا ۋافات بولغان. مەرخۇمنىڭ خەيىرلى ئىش- لەرىنىڭ بىرسى: باغىردە بىر مەسجىت ياساتىپ تىيرەسى- نە يىگىرمە قەدەر خۇجىرە سالدىرغان. ئاڭا ياقىنىراق بىر قارىيخانە سالىپ مەخمۇت ئىسملى بىر قارىينى تە- غەينلەپتى. قارىيخانا ۋە خۇجىرەدەگى شەكىرتلەرنىڭ راس- خودىنا ۋەقفەلەر بىيكىتىپ، كىرىملەرىن شۇلارغا سەرىف قىلۇغا ۋەسىيەت قىلغان. ئۆز ئورنىنا بىر شەكىرتىن بىيل- گىلەگەن. خەزىرگى ۋاقىتتاغى ئىيمامى ھەم مۇدەررىسى شول شەكىرتى. ئانىڭ يىتىلگەن ئوغۇللارى بار.

## مورتۇق خوجا

ئاستانادان ئىيكى تاش يىراقلىقتا تاۋنىڭ ئارتىن- دا، ئاستانا سۇۋىنىڭ باشىندا، مورتۇق دېگەن بىر كىچى- كەنە ئاۋۇل بار. ئول جىيردە مۇرتۇق خوجام دىيپ ئاتال- غان، مەشھۇر مەۋلانە خەمىت خەزرەتىنىڭ قەبىرى بار. ئاللا رەخمەت قىلغىر بۇ كىشى، ھىندىستانلىق بولىپ، غەرەبىستاندا غىلىم تەخسيل قىلىپ، ئاندان سەياخەت قىلىپ يۈرۈپ، بۇ جىيرگە كىيلگەنىمىش. شول زامانداغى خانلارنىڭ بالالارىن ئوقۇتىپ، ئۇستاز بولىپ تۇرىپ، ئۇشى جىيردە ۋافات بولغان. قەبىرى قاشىندا زور بىر

مەسچىت بار. مۇرتۇقنىڭ بارلىق خالقى جۇمغە نامازىنى شۇ مەسچىتتە ئوقىيلار. سولتان سوفى ئاتاسى ئەيپۇب نىياز، ئۇنىڭ ئاتاسى ئارزۇمەت دىگەن كىشى 20 يىلدان بىيرلى باشقارىپ كىلىپتى. چىراقچىسى غەبدۇلجەپپار شەيىغدىر.

مۇرتۇقدان تاۋ ئارقا يولى بىلەن ئەسغاق كەھفكە باردىردا، سىنگىم يولى بىلەن سۇ باشى دىگەن ئاۋىلغا بارىپ، ئاندان تۇيۇق جىلغاسى ئارقىلى تۇيۇق ئاۋالىنا بارىلا. ئارالىغى يىيتمىش يولدىر، تەخمىنەن تۆرت ياردىم تاش يىراقلىقدا. ياكى مۇرتۇقدان ئاستاناغا كىيلىپ، ئاندان تۇيۇقغا بارماق بولغاندا، ئاستانادان تۇيۇققا ئۆتىز يول، يەغني ئىكى تاش يىراقلىقدە. خەزدرەتى ئەسغاق كەھفنىڭ مۇبارەك غارى ياتقان ئورنى شۇل جىيردە. يول خىتاي ئۇزۇنلىق ئۆلچەمى، ۋېرست غيلمى ئۆلچەم. تاش دىگەن ماۋدىرا ئۇننەھىرىدە ئۇزۇنلىق ئۆلچەمى. غەرەبچە فەرسەخ دىيىلە، ھەر ئىكى يول ۋە بىر چارەك، بىر ۋېرست ۋە ھەر سىيگىز ۋېرست، بىر تاش خىسابلانا.

### بۇ بابتا ئەسخاب كەھف توغرىلى سۆيلەنە

بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىيسمى بىلەن باشلىيمىن»

بۇ سەغەدەتلى مۇقەددەس كىشلەرنىڭ ياتقان ئورنى كەھف تاتارىستان (تاتارىستان غارى) دىيپ ئاتالغان ۋىلايەتنىڭ، كونە تۇرفان ئىيسمى بىلەن مەشھۇر شەھىرىنىڭ شەرىق تارافىندا راق جەنۇبىندە، مۆلچەر

بىلەن دۆرت تاش يىراقلىقتا ئاستانا قەلەسى بار بولۇپ، يوغاردىدا يازغانىمىزدىكى ئاستانادىن ئىككى تاش - ئوتتۇز يول جىيردە تۇيۇق ئاۋتلى بار. ئەۋلىيىالەرنىڭ ياتقان غارى شول جىيردە.

غار، كەھف سۆزى ئىككىسى بىر مەغنەدە — تاۋ چۇقىرى دىگەن سۆز. ئۇلۇغ زور بولسا — كەھف، كىچكەنەرەك بولسا — غار دىيىلە. «ئەلكەھف ئەلغار ئەلۋاسىع فى ئەلجەبىل فان لەم يەكۇن ۋاسىغا فىغار» مەغنەسى: (كەھف دىگەن تاۋلاردىكى كىڭ غار، ئەگەر كىچكەنە بولماسا، غار دىيىلمەيدى. «روخۇلبەيان» دەن)

بۇ غارنىڭ ئىلك ئەۋۋەل مەغلۇم بولىۋى جاھىلىيەت زامانىسىندا بولۇپ، شول زامان كىشىلەرى ئۆز غادەتلەرى بويىنچە خۇرمەتلەپ تاۋاف - غىبادەت قىلىپ كىيلگەنلەر. سۇلتان سىدىق ① بۇغراخان غەسرىندە ئىسلام دىنىنە كىرگەن چاقدا، ئىسلام غەسكەرلەرى تارافىندان غارنىڭ تارىخى ياكى ياڭا غىمارەتلىگىنەن خەبەرسىز بولغاچ، كافىرلار پۇتخانەسى دىيىپ يانىندىكى ئۆي - غىمارەتلەرى بىلەن بىرگە بۇزۇپ تاشلاغانلار. شول چاقتا غارنىڭ ئىچىنە كىرگەن كىشىلەرگە كەيبىر غەجەيىپ ئىشلەر كۆرىنگەنمىش. بۇ سۆزلەر خالىق ئاراسىنا تارالىپ مەجلىسلەردە سۆيلەنە - سۆيلەنە يوغارى تەبەقە باشلىقلارنىڭ قۇلاقلارىنا جىيتىپ، ئالار بۇ غارنىڭ سەبەپلى زىيارەت - تاۋاف ئورنى بولغان دىيىپ، بۇ-

① «سىدىق» ئىمەس، «سۇتۇق» بولرغا تىيىش - ت

رۇنغى ئىشلەردەن خەۋەرى بار كىشىلەردەن ئىچكەلەپ تيكشىرىپ سوراغانلار جيرلى كىشىلەر: بىز چەر شەيىخلەردەن سوراغاندا ئالار: «ئىشىتىۋىزچە بۇرۇنغى زامانىدا بۇل دييارداغى كىشىلەر تاۋلارنى ئويىپ ئوي ياساپ، تاۋلارى شەھەر، سەخرەلەرى باغچا خيسابىندا يەشەپ كيلگەن. بىر قانچا زامانىنان سوڭ، بۇلارغا ياقىن ئاتىرافقا بەدەۋي - كۆچمەن خالىقلار كيلىپ، بۇلارنىڭ جيرلەردىن جەيلەۋ، قىشلاۋ قىلىشىپ، ئۆزلەردىن بۇلاپ - تالاپ تۇرمىشلاردىن رەخەتسىزلەندىرگەن. ئاخىرى بۇ بەدەۋيلەرنىڭ زۇلمىنا چىدارغا خەلى قالماغاچ مىلىك يىلدىن ئارتىق يەشەگەن ۋاتانلاردىن تاشلاپ كيتىۋگە مەجبۇر بولغانلار. سوڭىندان كۆچمەنلەردە مەغلۇم سەبەپلەر بىلەن بۇل جيردەن تايغانلار، كۆچمەنلەر كيتىپ، جيرلەرى بوش قالغاچ، جيرلى خالىق يەنە قايتادان كيلىپ ئورىنلاشالار. يەنە ئەۋۋەلگى كىبى تاۋ ئۆڭگۆرلەرىندە يەشيلەر. سوڭىرا بۇلارنىڭ ئاراسىندان دورغۇن ئيسىملى بىر دانىشمان ئاقىللى كىشى چىقىپ كۆپچىلىككە قاراپ: بىز بۇلاي ئۆيلەرىمىز تاۋ ئۆڭگۆرلەرىندە، ئيگىن، باقچالارىمىز تۆبەنگى سەخرەلەردە بولىپ يەشەۋىمىز تۇرا ئيمەس. ئەگەر يەنە بىر دۇشمان كيلىپ باقچا جيرلەرنىڭ يولىن تۇسىپ، ئۆيلەرىمىز بىلەن ئيكى ئاراغا كىرىپ ئالسا، ئول ۋاقىتتا خەللەرىمىز يەنە ئەۋۋەلگىدەي قيىنلىقتا قالا. يەنە كۆچىپ كيتىۋگە مەجبۇر بولابىز. «شۇنىڭ ئۆچىن بىز ئيگىنلىك، باقچا جيرىمىزگە كۆچىپ بارىپ ئۆيلەرىمىزنىڭ ئاتىرافىن

قورغانلار بىلەن قورچاپ، ئۆزىمىزنى ساقلىي بىلسەك، بىزنى دۈشمان جىيگە ئالمىي» دىپ مەسلىخەت كۆرسەتە.

ئانىڭ فىكىرىنى ھەممە ماقۇل كۆرىپ، ئالدى بىلەن ئاستانا شەھەرنى قۇرغانلار. شەھەرنى ئەيلەندىرىپ قورغان - قۇيمالار سوغىپ تاۋ ئۆڭگۈرلەرىندەگى كىشىلەرنىڭ بارلىغى كۆچىپ كىلىپ جەمەغە بۇلىپ، بىر ياخشىغىنا شەھەر بىنا بولغان. ئاننان مەزكۇر دورغۇن بۇلارغا خان ئورنىندا خەكيمىلىك قىلغان. ئانىڭ بالالارىدا نەسلدەن - نەسلگە خان بولغانلار. ئاغىن سۇلارى جىيتىشمەگەچ كارىز قازۇنى غەدەت قىلىپ، تۇرمىشلارىن ياخشىلاغان. شول خەلدە ئۆز ئامانلىقلارىن ساقلاپ تۇرغاندا ھىندىستان ياكى ئەجەم پادىشاھلارىندان بىرسى غەسكەر جىبەرىپ قورچاغاندا، ئۆكۈزخانغا ① خەبەر بىرگەنلەر. ئۆكۈزخان ئۆزىمى ياكى ئوغىلنامى دورغۇننىڭ قىزىنى ئالغان كۈيەۋ ئىكەن. ئول ياردەمگە غەسكەر جىبەرگەچ، دۈشمانىنى جىيگىپ، كۆپ ئولجالار ئالىپ غالىپ بولا، شول بويىنچا بۇلارنىڭ قورقانچاقلىغى باتىرلىققا ئەيلەنىپ، ئاياقلارى جىيتكەن جىردەگى مەيلى كۆچمەن، مەيلى شەھەرلى بولسىن ماللارىن بۇلاپ - تالاپ، ئادەملەرىن غەسىر ئالىپ، قوشاقلاپ ئەيدەپ قۇل قىلىپ بۇ ئىشتەن كۆپ فايدا تابالار. ئەۋۋەلگى ئىگىنچىلىك، باقچاچىلىق ھۈنەرلەرىن تاشلاپ، سوغىش قىلىۋ يولىنا تۈشەلەر. ئاز ۋاقىت ئىچىندە خالقى كۆبەيىپ

---

① ئۆكۈزخان ئىمەس، ئوغۇزخان بولسا كىرەك - ت

دەۋلەت تەرەققى تاپا. ئاندان تۇرفان شەھەرىن قۇرىپ ئانى پايتەخت قىلىپ، كۆپ زامانلار ئۆتكەچ، سىرتقى ياقدان بىر زالىم پادىشاھ بۇلارنى باشقارىپ تەختكە چىغادا، دەۋلەتكە مەغرۇرلەنىپ خۇدالىق دەغۋەسىن قىلا. كىشىلەرنى ئۆزىنە تابىنىۋغا مەجبۇرلي. ئەمىرىنە بويىسىناغانلارنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدىرە. جەبىرلەۋ ئارقىلى خالقىنى سۆزىنە كۆندىرە. بەغزلەر بويسۇنا، يەنە بەغىزلەر شۆھبە بىلەن بولسادا ئەمىرگە ئىتاغەت قىلىپ، ئاڭا خۇدا دىپ سەجدە قىلالار. بۇ ئارادا شول شەھەرنىڭ ئابىرۇيلى ئادەملەرىندەن ياكى پادىشاھنىڭ ياقىن كىشىلەرىندەن ئالتى يىگىت بويسۇنماي تاۋغا چىغىپ كيتەلەر. يولدا بىر قويچى ئىتى بىلەن بۇلارغا قوشىلىپ ئوشى غارغا كىرىپ ئۈچ يۈز يىل يۇقلاپ ئاندان ئويغانا. كىشىلەرگە بىلىنگەنلەرىندەن سوڭرا يەنە ئوشى غاردا يۇقلاپ قالمىشلار. بۇلارنىڭ مۇندي خەللەرى ئاچىلغاچ خۇرمەتكە، غىزەتكە لايىق كۆرىپ، ئىشىگىنە بينالار ياساپ، بارا-بارا تاۋاپ قىلىشىپ غيبادەتخاناغا ئەيلەندىرگەنلەر. بۇل غارنىڭ ئۆتمىشى ئوشىندي» دىپ سۆزىن تۈگەتكەن.

بۇنى ئاڭلاغان كىشىلەر غەجەپلەنىپ تۈرلى فىكىرلەرنى ئويلاپ بەلكى، قۇرئەندە ئەيتىلگەن ئەسخاب كەھفنىڭ غارى بولىشى مۇمكىن، چۈنكي خيكەيەنىڭ مازمۇنى بۈتۈنلەي شۇڭار ئوخشي، ئارلاغا ئىشانغان كىشى دينسىز پۈتپەرەس قولىندا بولسادا خورلىقتا، تۆبەنلىكتە

بولمي. بارلىق كىشىلەر ئانىڭ خىزمەتىندە بولا ئىمىش دىيىشەلەردە، لەكىن ئانىق شۇلاي دىيپ قارار قىلماغان. خان، ئەمىرلەر ئاڭا ئىيەرمەي، بىلگىلى شەيىختە قويماي كىلىشەلەردە، ئۆزلەردىن نادانلىق تارىختاغى ئىشانغان مانى دىيىنىدە بولغانلاردىندان كۆرە جىدى ئەۋلىيەنىڭ قويچى ئەۋلەدى، ياكى يەمەلەيخانىڭ ① ئۇرۇغ تارماغىنىدانمىز دىيپ تالاشالار.

ئىسلام دىنىدە كىرگەچ بىرسى غارغا ئىيە بولسپ، شەيخ دەرەجەسىندە خۇرمەتلەنسپ، ئۇل قىتمىرگە ② يابۇ يابسپ، ئۆتكەن - كىتكەن يولاۋچى، زىيارەت قىلىۋچىلارغا ئاتتان تۈشسپ ئۆتۈ ئۆچىن شارتلى ئۇردن بىلگىلەگەن. بەغزى كىشىلەر غارغا كۆگىللەرنى بۆلمەي، شەيخنىڭ سۆزلەرىندە ئىشتمەي، ئاتدان تۈشمەي ئەدەبسىزلىك قىلغانلىقتان بىر قانچاسى خەلەك بولغان، بىر قانچاسى ئۆلمەسەلەردە ئۆلەرگە ياقىن بەلەگە يولىققانلىق كەرەمەتلەرنى كۆرگەنلەردىن سۆيلىلەر. بۇنى ئىشتكەنلەر توپ - توپ بولسپ كىلىپ تۇرۇغا، گۇرۇھ - گۇرۇھ سەيەخەت قىلىۋغا كىرىشسپ، نيچە يۈز يىلدان بىرلى شول غەدەت بويىنچا زىيارەت ئورنى بولسپ قالغان.

بۇ زامانلاردا غارغا خىزمەت قىلسپ كىلگەنلەرنىڭ

---

① يەمەلەيخا - جىدى ئەۋلىيەنىڭ بىردىنىڭ ئىسمى،

② قىتمىر - جىدى ئەۋلىيەنىڭ ئىچىندەگى ئىتىنىڭ ئىسمى - ت

قالدىق ئىزلەرى، تۈرلى سوغىش - جاڭجاللار سەبەبىدەن يوغالىپ بىتكەن. سوڭغى ۋاقىتتاغى خانلاردان سۇلتان باباخان غازى بىر بۇيرىق يازىپ ئەۋۋەلدە ئىسلام زامانىندا غارغا مەسئۇل بولغان ئەلگى شەيخىنىڭ نەسلىدەن موللا قەمۇش ئوغلى خوجە ئەييۇپ دىگەن كىشىنىڭ قولىنا بىرگەن. ئەييۇپ مۇتەۋەللى بولغاندان سوڭ غارنىڭ ئىشىك ئالدىنا بىر ئۆي سالىپ ياخشى قاراغان. ئانىڭ قولىنداغى ئىسبات بۇيرىق تۆبەندە كۆرسەتىلمەمىن ئانى ئۆز بويىنچە ئارتىق - كەم قىلماي كۆچۈرىپ ئالدىم.

## ئىسبات تۆبەندەگىچە:

بىسمى سۇبھان ئەبۇلفەتىھ سۇلتان سەئىد باباخان باھادىر غازى سۆزىم زەلال فەر سەلتەنەت ھۇمايۇندىن مەئەدەلەت روز ئەفغۇن ساخىب قىران ئەغزەم زۇبدەسەلاتىن ئەرەب ۋە ئەجەم باقۇۋۋەتى بازۇي مۇسۇلمانى فۇرۇغ دىدەئى جەھانبانى رابىتەن ئەمىن بىلاد ۋاستە ئەمان ئىبادىن ناسىب رابات سەلتەنەتى رافىئا ئەئىلام خۇلافات ۋە راي جەمشىد غەر فەردۇن خۇرشىد مۇنەززەر خۇسراۋ ئىسكەندەر جاھ سۇلەيمان يەدبەيزا شۇجائەت شۇئار سەخاۋەت دىسار جۇۋانبەخت بەر خوردار قەرىنداشلار بىرلە جەلىسۇششە ئىن ئەزىمۇلقەددىر

ئەددلۇششە مىس شىبە ۋەلبەدەر ① فەرزەندلەرغە ۋە ئۇمراي مەلىك ئاراي ئالىشان ۋەزىدراي ندگۇراي كىفايەتى نىشان سەددر سۇدۇرى ئالى مەقام غۇلاماي ۋاجىبولئىھ-تىرام ۋە قۇززات ئىمام شەرىئەتى ئەنجام نەقەبائى كە-رام ۋە زومرەئى ئەننام ۋە جۇمھۇر خاس ۋە ئەۋامغە ئانداغ ۋازىھ ۋە لايىھ بولسۇنكىم خوجە ئەيىيۇپ مولىلا قۇمۇش سەبەب ئوغلى كۆجىك ۋە موللا مەلىك بۇ ئۈچ ئۆيلۈك كىشىنى ھەزرەتى سۇلتان ئەسھاب كەھف قۇد-دۇس سىررەھۇمنىڭ خىزمەتلەردا بولغان سەبەپدىن ئى-نايات شايانە ۋە ئىلتىفات خۇسراۋانا قىلىپ بىرىنى چى-راغچى بىرلارى جارۇپكەش ۋە يەنە بىرىنى بەكاۋىل قىلىپ تارخان ② قىلدۇق ئوغلانلاردىن - ئوغلانلاردىغا ۋە قىزلاردىن - قىزلاردىغا تارخان بىلسۇنلار ئاقتۇر تاھارەت-لىك سۇلاردىنى ھەم قىسماسۇنلار تىنىچ كۆڭىل ۋە فەراخ خاتىرلار بىرلە دۇئا ئىلقەيىسغە مۇقەيىد بولسۇن-لار تارخان قىلدۇق نىشان ئالىشان سافى بايان كۆرگەچ تۇرفان ۋىلايەتىنىڭ ھاكىم ۋە دارۇغەلەرى باشلىق تە-ھىسىس ياڭغى ۋە تۇيۇق باھىب تەكبىر ۋە قازىلاردىغا

---

① ۋەلبەدەر دىگەن سۆزدە «ۋ» ھەرپىنىڭ كېرەگى يوق بولسادا، ئەسلى نۇسخەدە «ۋاۋ» يازىلىپ بىلگى قويىلغانلىقى ئۈچۈن، مىندە شۇلاي يازىپ بىلگى قۇيدىم - ئافتۇر

② تارخان - ئىمتىيازغا ئىرىشكەن كىشىلەر بولىپ، ئالار ئالبان - سالىق تۆلەمەيلەر - ت

كىلۇر بارۇر ئىشچى كۆشچى سۇچى تۆۋەچى ۋە جەمە
ئى ئەلەمدارلار مۇشاردىن ئىلەيھىمغە ھېچ خەمىردىن
ۋە ھېچ رەھكۆزەردىن مەزاھىم ۋە مۇتەئەررىز بولغۇچى
بولماسۇنلار ئالبان - ياساق ئۇزگا قونالغە ھاشار مەدد-
كار ئاۋ قۇش تېرە چىقار ئۇلاغ قان چىقار شۇسۇن
تەكلىف قىلماسۇنلار سالماسۇنلار ئالماسۇنلار ھەر كىم
بۇ يۇسۇندىن ئۆزگا قىلسا ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئالانىڭ
رەھمەتى مۇھەممەد رەسۇلۇللا شەفائەتى ۋە فەرىشتەلەر-
نىڭ مەئغەرەتىدىن مەھرۇم بولۇپ ھەزرەتى سۇلتان
ئەسھاب تەقسىرغە قال بەل سائىر ئىنسى ۋە جىننىڭ
لەئىنتىگە گىرفتار بولغاي قىيامەت كۈنى زالىم قاتارد-
دا مەھشۇر بولۇپ ئەزاپ ئەبەدگە گىرفتار بولغاي دېپ
دارۇسسەلتەنە تۇرفان ۋىلايەتىدە ئەشۇر ئايى چاھار
شەنبە كۈنى تارىخ مىڭ يەتمىش سىگىزدا ساچقان يىلى
نىشان ئالىشان بىتىلدى.

يوغارغى تېكىستنىڭ تەرجىمەسى:

ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ، مىن ئەبۇلغەتىخ
سۇلتان سەئىد باباخان باھادىر غازى سۆزىم تۆبەندە-
گىچە:
سەلتەنەتىمىزغە دىللىكدەن ئاداشماغان ياقتى كۈنلەردە
غالىي دەرەجەلى ساخىبقۇران، غەرەب - غەجەم سۇلتانلار-
نىڭ كۈچلىسى، مۇسلىمان قەبىلەلەر دۇنياسىنىڭ كۆز
نۇرى، ئىلىنىڭ ئاماندىقىنا غىيبادەت قىلىۋدىن ناسىپ ئىتىمۇ-

چى، جەمشىد، فەرىدۇن كىبى نۇرلى، خۇسراۋ، ئىسكەندەر، سۇلەيمان شىكىللىك ئاق قوللى، باتىر شۇغارلى، كىشىلەرگە بەخت بىيردۇچى جومارد. سەلتەنەتىمىزدە قەرىندەشلەرنىڭ شانلى مەجلىسىندە ئۇلۇغ قۇدرەتلى، كۆن نۇرىنداي غەددىللىگىمىز بىلەن فەرزەنتلەرىمىزگە، پادىشاھلىغىمىزداغى شانلى غەمەلدارلارىمىزغا ياخشى فىكىرلى ۋەزىرلەرىمىزگە، يوغارى دەرەجەلى غۇلامەلەرىمىزگە، خۇرمەتكە تىيىشلى قازى، ئىمام، شەريغەتنى تۇتۇچىلارغا ھەم بارلىق شەخسي ۋە غاۋاملارغا مەغلۇم بولسىن!: خوجا ئەيىيۇپ، مولىلا قۇمۇش سەبەب ئوغلى كۆچىك ۋە موللا مۇلۇكدەن غىبارەت بۇ ئۇچ غائىلە كىشىسىن، خەزىرەت سۇلتان مۇقەددەس ئەسخاب كەھفىنىڭ خىزمەتىندە بولىۇغا خۇسراۋداي ئىلتىفات تەغىينلەدىك. بىرسىن چىراقچى، بىرسىنى تازالىققا فاراۋچى يەنە بىرسىنى كۆزەتچىلىككە بىيلگىلەپ، تارخان قىلدىق. ئوغىللارىندان - ئوغىللارىنا قەدەر ۋە قىزلارىندان - قىزلارىنا قەدەر تارخان دىيپ تانىلسىنلار. تاھارەتلىك ئاغىن سۇلارىن ھەم قىسماسىنلار. تىنچ كۆڭىللەرى بىلەن خاتىرجەم دۇغادا بولسىنلار دىيپ تارخان قىلدىق. بۇ غالىي بۇيرىغىمىزنى كۆرگەچ. تۇرفان ۋىلايەتىنىڭ خاكىيم، دۇرغالارى تەغىنلەگەن ياڭغى، تۇيۇقلارنىڭ ساخىب تەكبىر قازىلارىنا بارغان. كيلگەن ئىشچى، كۇشچى، سۇچى، تۇيەچى ھەم بارلىق غەمەلدارلار بۇ بىيلگىلەنگەنلەرگە ھيچكىمدە دەغۋە قىلۇچى، زورلىق قىلۇچى بولماسىنلار. ئالمان - ياساق، ئۇي - قونالغى، ھاشار - مەتىكار، ئاۋ

قۇشى، ئىشلەتىرگە ئات ـ كۆلىك. سۇيارلىق مال سۇرالـ
ماسىنلار. سالىنماسىنلار، ئالماسىنلار، ھەر كىم بۇ بىلـ
گىلەنمەدەگىــدەن باشقاچا ئىشلەسە، خەق سۇبخانە ۋە
تەغەلەنىڭ رەخمەتى، مۇخەممەد رەسۇل ئاللانىڭ شەفەـ
غەتى ۋە فەرىشتەلەرنىڭ مەغفىرەتىندەن مەخروم بولىپ،
خەزىرەت سۇلتان ئەسخاب تەقسىرلەرىنــە تۆبەنــچىــلىك
قىلماغان بولىپ، ئادەملەر ۋە جىنلەرنىڭ لەغنەتىنە يو-
لىغارلار. قىيامەتتە زالىملار قاتارىندا مەشھۇر بولــىپ،
ئازابقا ئەبەدى گىرىفتار بولا، دىيپ سەلــتەنەت قۇرىلغان
تۇرفان ۋىلايەتىنــدە غەشۇر ئايى چاھــار شەنبــە كۆنــى
تارىخ مىڭ يىتمىش سىگىزدە سىچقان يىلى غالي شان
نىشان يازىلــدى.

ئاخىرىنداغى «قال» سۆزىنىڭ ئاخىرىنــدا بىر ياكى
ئىكى سۆزنىڭ يازدۇى ئۆچىپ كىيتكەنگە يازدۇغا بولماـ
دى. ئالاقان قەدەرلى ئىكى زور تامغا باسىلغان. خەرىفـ
لەرى، سىزىقلارى ئۆچىپ كىيتــكەنــگە ئوقىرغــا مۇمــكىن
بولمادى.

ئوشى تۆلىيەنامە ئەۋلەتكە، يەغنى قۇمۇش شەيىخ
ئوغلى موللا ئەيىۇبكە، ئانىڭ ئوغلى بوسەغە شەيىخكە،
ئانىڭ ئوغلى غەبدىرەخمــان شەيىخــكە، ئانىڭ ئوغــلى
خەمىد شەيىخكە، ئانىڭ ئوغلى نەرەر شەيىخكــە، ئانىڭ
ئوغلى مىرزا شەيىخكە، ئانىڭ ئوغلى خەلىم شەيىخكە،
ئانىڭ ئوغلى مۇخەممەد شەيىخكە، ئانىڭ ئوغلى پولات
شەيىخكە قالغان. خەزىر ئوشى پولات شەيىخنىڭ قولىنـ
دادىر.

بۇ پولات شەيىخ ئۇزاق ۋاقتتان بيىرلى جاهىلـ
لىق بىلەن تۇلىيەدە يازدىلغان ئۇچ ۋەزدىفەندە ئۇز ئالـ
دىنا تارتىپ ئالغانلىغىدان بىر مىڭ ئۇچ يۇز ئۇچىنچى
يىلى كۇچىك مۇللا ۋە موللا مۇلۇكنىڭ ئەۋلەتلەرى شەـ
يىخلىق تالاشىپ، ئـۇزئارا جاڭجالـلاشىپ، ئەردىزلەشىپ،
ئۇشى پولات شەيىخقا شىرىك بولغانلار. نەزىر ـ سەدەقە
ۋە ۋەغفەلەردەن كيلـگەن كىرىمـلەرنـى خەزىـردە ئون
جيدى شەيىخ ئـۇزئارا بۇلىشەلەر. لـەكين پولات شەـ
يىخ بارچاسىنا رەئىسلىك ئورنىندان فايـدالانىپ كىرىمـ
نىڭ يارىمىن ئالا. قالغان يارىمى باشقالارىنا بۇلىـنە،
شولاي بولسادا دەغۇەلـەرى ئەلىگـە قەدەر تۇگەمـەگەن
ئيكەن. خۇكۇم پولات شەيىخ فايداسىنا بـولا ئيمىـش
دىگەن سۇزلەر تارالىپ يۇرە.

## قارشى فىكىرلەر

يوغاردا يازدىلغان سۇلتان باباخان زامانىندا ئيلي
دىيارىنداغى زور بىر قەۋۇم بولغان قالماقلار تيانشان
تاۋلارىندا يەشەپ، تۇرفان، ئاقسۇ، قارا شەهـەر رايونـ
لاردن تىنچىسزلاندىرىپ كيلگەچ، خەزىرەتلەرى نيچە مەرـ
تەبە قارشى چىغىپ دينىسزلاردەن مەملەكـەتىن نيچـە
مەرتەبە سوغىشىپ ساقـلاسادا، بىر مىـڭ سيكسەنىنـچى
يىلى غازاتتا خان مەرخۇم شەهىد بولىپ قالماقلار كاشـ
غەر شەهەرىنە قەدەر بارالار. ئافغـاق خوجـە قالماقـلار
بىلەن بىتىم ياساپ كيلىشە. بۇ چاقـتا قالمـاق خانـى

ئۆلسپ ئورنىنا قونتاجى تەختكە چىغا. ئاففاق خوجانىڭ مۇرىدلەرىنەن مەشھور دىۋانە مەشرەپ قونتاجىنىڭ تۆيە باغۇچىسى بولغان. قالماق خانى مەشرەپتە نىچە تۈرلى كارامەتلەرىن كۆرىپ: «بۇ دەرەجەگە نىچىك يىتىشتىڭ» — دىپ سۆري «خەزرەتى ئاففاق خوجامغا خىزمەت قىلىپ يىتىشدىم» — دىپ جاۋاپ بىرە. قۇنتاجى ئىيمان ئەيتىپ مەشرەپكە قىزىن بىرگەنمش.

مەشرەپ: «ئىسلام دىنىنە كىرگەنىڭ كىيفايە. قىزىڭ كىرەك ئىمەس. بىر نىچە يىل خىزمەتىڭدە بولدىم. سىن دىنگە كىردىڭ. مىن مۇرادىما جىتتىم» دىپ غايىپ بولغان ئىمىش. ئاندان قۇنتاجى خوجامغا ئىخلاسلى مۇرىت بولغان ئىكەن. ئاففاق خوجا قۇنتاجىنىڭ ياردەمى بىلەن خوتەن شەھەردن ئالىپ، بۈتۈن ئالتى شەھەرگە ئىيە بولماقچى بولغان. دىمەك ئاففاق خوجا خۆكۈمەتى بۈتۈنلەي مۇستەقىل ئىمەس. بەلكى قالماقلارغا باغىنىشلى بولغان. قۇنتاجى ئۆز خالقىنان خەۋىفلەنىپ، ئىمانىن يەشرىپ يۆرگەن. ئەمما قالماقلارنى ئاقىردىن - ئاقىردىن ئىيسلامغا كىرگىزۇ نىيەتى بار ئىمىش. ئاللا ئالارغا جەننەتنى لايىق كۆرمەگەنلىكتەن قۇنتاجى ئۆلىۋى بىلەن، خالقىدا كافىر خەلىندە قالا بىرگەنلەر ئىمىش.

خەزرەتى ئاففاق يۇرت كۆرىپ سەياخەت قىلىپ، يۈرۈپ تۇرفان شەھەرىنە كىلە. ئۆل: كىشىلەر ئەسخاف كەھف مۇندا دىلەر دىگەن سۆز بار. كۆرىپ باغايىم دىپ، غار-

نى كۆره شەيىخنىڭ چىكلەگەن جىرىندە توقـتاماستان،
ئاتدان تۈشمي ئۆتە. بۇنى كۆرگەن شەيىخ: «توقتاغىز!
خۇرمەتسىزلىك قىلساغىز خەلەك بۇلارسىز!» ـــ دىيپ ئەيتىـ
ۋىنە قاراماستان ئاتلى كۆيىندە غارىنىڭ دەل ئالدىنا باـ
رىپ ئاتتان تۈشە. بۇنى كۆرگەن شەيىخ خوجامىنىڭ ئاـ
ياغىن ئۆپىب: «سىز بۇلاردانىدا ئۇلۇغ كىشى ئىيكەنسىز.
كۆپ كىشىلەر بۇ ئەۋلىيەلەرگە خۇرمەتسىزلىك قىلغانىدا
بەلەگە يولىققان ئىدى» دىيە. شۇندان ئاففاق خوجام
غارىنىڭ كۆن باتىش ياغىندا، خەزىرەدە خەزىرەتى ئاففاقـ
نىڭ قەدەم جايى دىيگەن جىرگە ئورىن خەزىرلـەپ قىـ
رىق كۆن ئوتىرىپ غىيبادەت قىلىپ، ئەسخاپ كەھىف ئوشى
غاردالىغىن كەشىف قىلا. ئاندان شەيىخنى چاقىرىپ: «بۇل
غارنى ياخشى قاراغىز، زىيارەت قىلۇچىلارنى خۇرمەتلەپ
قارشى ئالىغىز، چۈنكى ئالار ئەۋلىيەنىڭ يىراق ـ ياقىنـ
دان كىلگەن قوناقلارى. كىلىۋچىلەر كۆپىسى ئاۋرۇ كىـ
شىلەر بولغانلىقدان، ئالارنىڭ ئاتدان تۈشەچـەك جىرى
ياقىنراق بۇلسىن» دىيپ تاپشىرا. شۇغان خەزىـردە يۈز
قەدەم قالغانىدا ئاتتان چۈشەلەر.

ئاندان ئاففاق خوجا تۇرفانغا كىلىپ شەھەر خاكىـ
مىنە غارىنىڭ ئىيشىك ئالدىنا گۈمبەزلى مەسجىت سالىۋـ
غا قۇشا. تۇرفان خاكىمى بۇل بويرۇقنى ئورىنلي. خەـ
زىرگى گۈمبەز شول تاپشىرىۋ بويىنـچا ھىيـجىرىيـەنىڭ
بىر مىڭ بىر يۈز بىرىنچى يىلىدا ياسالىپ، موللا قەـ
مۇشنىڭ ئەۋلەتلەرىن بالادان بالاغا شەيىـخ بولا دىيـپ
بىيكىتكەنلەر. ئانىڭ تارىخي يوغاردا ئەيتىلدي.

غارنىڭ ئىچكەرىسىنە قىتمىردەن ئاشىپ پولات شە-
يىخدەن باشقا ھىيچ كىم كىرمەي كىرىدۈگەدە جۈرئەت
قىلالمەي، چۈنكى غاردا بىر تۈرلى سۆز بولىپ كىشى-
نىڭ كۆڭلىدە قورقىۋ سالا، قالاي بولماسىن كىرەمەن،
دىيىپ بارغان كىشىنىڭدە يۈرەگى چىدامىي، غارغا كىرىپ
ئەسخاب كەھفنىڭ قاشىندا ئۆلسەم بەخت، دىيىپ بارغان
كىشىدە نە ئۆلىرگە، نە كىردىرگە جۈرئەت قىلالمەي ئىي-
مىش. ئاللا بۇل غارغا شۇندى ھەيبەت بىيرگەن.
ئاللا: «لەۋتتەلەغتە ئەلەيھىم لەۋللەيتە مىنھۇم
فىرارئەن ۋە لەمۇلىئەتە مىنھۇم رۇغبا» مەغنەسى: ئە-
گەر ئۇلارنى (ئەسخاب كەھفنى) كۆرەدىغان بولساڭ،
ئەلبەتە ئالاردان قاتتىق قورقىپ يۈز ئۆرىپ، چوقىم
قاچقان بولار ئىيدىڭ، دىيگەن ئايەتى دالالەتى بىلەن
كىشىگە كۆرىنمەس ۋە مەخفي قىلغاندىر.
بۇ غارنىڭ شۇندي سىرلى بولىۋىندا ئىيكى تۈرلى
خيكمەت بار ئىيمىش: بىرىنچى قايىسى غەسىردە قاچان
بولغانلىغى بىيلگىسىز بىر سىر. ئەگەر بىر مىللەتكە خاس
دىيىپ قارالسا، شول مىللەتكىنە ئالارنى خۆرمەتلەپ باش-
قالار ئىختىبارسىز قاراغان بولار ئىيدى. تارىخي زامانى
بىيلگىسىز بولغانلىقدان يەھۇدى، خرىستىيان خەتتە مە-
جۇسلەردە ئۆز كىشىلەرمىز، دىيىپ ئىشانىپ خۆرمەت قى-
لالار. ئاللا ئۆز خيكمەتى بىلەن ئانى مۇسلمان ۋە كا-
فيرلار ئۈچىن سىرلى نەرسە قىلىپ قالدىرغانلىقدان خا-
سىيەتلى ئوردىن خيساپلانغان.
ئىيكىنچى خيكمەتى: ئەسخەب كەھفنىڭ نەق ماكا-

نى يەغني قايدا ئيكەنلىگى مەلۇم ئيمەس. شۇنىڭ ئۈ-چۈندە هەر خالىق، هەر جيردە بۇڭا ئوخشاغانىراق غار كۆرسە ئەسخاف كەهف غارى، ديپ بيكىتىپ ئىخلاس قىلىپ، ئاللا بىلەن بەندە ئاراسىندا ۋاستەچى تانىپ دۇغالار ئو-قىپ تىلەك تىليلەر.

ئەۋلييە ۋە خۇرمەتلى كىشلەرنىڭ ئيسملەرى قاي جيردە، قايسى ئورنىدا ئيكەنلىگى سۆيلەنسە، ئالار-نىڭ ئەرۋاخلارى شول جيردە خەزىر بولىپ مەدەت، يار-دەم بيرىۋلەرىدە رۇخسەت قىلىنغان ئيكەن.

ئەرۋاخلار هەر ۋاقتتا ياردەم بيرە ئالا ديگەن ئۆ-ميد بىلەن كىشىلەر نيچە كۆنلىك يىراق ياقدان زى-يارەت قىلۇ ئۈچىن شول مازارلارغا بارىپ، شول تۆگە-رەكتەگى فەقىر - ميسكىنلەر ئۆز خەلىنچە ئازدىر-كۆپتىر سەدەقە بيرەلەر هەم ياخشى ئىش ئىشلەۋلەرىنە سەبەپ بولا. چۈنكي ئاللا تەغەلە بۇل غالەمنى سەبەپ غالەمى ئيتىپ ياراتقان. سەبەپلەرىندە بىر - بىرىنە قاتىشلى، بەيلەنىشلى قىلغان. مەسەلەن: يولاۋچى بىلەن تۇرغىن بەيلەنىشلى، باي بىلەن فەقىر بەيلەنىشلى، بولغان كىبى غالەمدەگى بارلىق نەرسەلەر ئۇشىندي بىر قانۇن بو-يىنچا بولىپ كيلە. مۇندي سىرلارنىڭ خيكمەتىن ئاللا ئۆزى بىلە. ئاللا: «ۋە ئاتىناهۇمىن كۇللى شەيئىن سە-بەبەن فاتتەبىھ سەبەبەن» ديگەن. مەغنەسى: بىز هەر قانداق شەيئىلەرنى سەبەپ بىلەن ياراتتىق، سيندە سەبەپ بىلەن ئىش قىل» ديگەن بولا.

ئەيتۇلەرگە قاراغاندا، ئەسخاب كەهف غارى جيدى

ئورنىدا بولىپ، جيدەۋدە زىيارەت قىلىنا ئىمىش.
بىرىنچىسى رومدا مەرغەش ۋىلايەتى تارسۇس شە-
ھەرىنە ياقىن ئورنىدا ئاق دىگـىز ① بۇرنىندا لۇبنان تاۋىنىدا فەلەستىنىدە تارىخ، تەفسىرلەردە يازلغان ئىـك مەشھۇرى ئوشى.
ئىكىنچىسى غەدەندە دىيەلەر.
ئۈچىنچىسى مەغرىپ تاۋلارىنىدان بىـر تاۋدا يەغ-
نى ماراكەشتە دىيەلەر.
تۆرتىنچىسى ئەرمەنىيەدە.
بيشىنچىسى هىندىستان تاۋلارىنىڭ بىرىسىندە.
ئالتىنچىسى ئىسپاھاندا. (ئيىرانىنىڭ ئىسپاھان دى-
گەن جيرىندە)
جيدىنچىسى چىن (جۇڭگو) مەملەكىتىندە، بىزنىڭ ئەيـتىپ يۈرگەنىمىزدە ئوشى غار. ھەم يوغارداغى ئيلك مەشھۇر دىگەن غاردان قالسا، ئاتاقلىسىدا ئوشى.
يوغاردا ئەيتىلگەن جيدى ئورنىنىڭ ھەر بىرسىنـ
دە ئەسخاب كەھفى غارىدىيىلگەن غار بولىپ، ھەممەسـ
نەدە زىيارەت قىلىپ ئيسكە ئالالار ئيكەن.
ئەسخاب كەھفى دىگەن ئاتاۋنىڭ لۇغات مەغـنەسى غار ئيەسى (غارداغى كىشىلەر) دىگەن بولا. بۇ مەغ-
نەدەن قاراغاندا، ھەربىر غاردا بىرەر غەزىز غيبـادەت قىلغان بولسا، شول كىشىنى غارغـا قوشاقـلاپ ئەسخـاب

① تـۈركىيە جەغرافيەلەرىندە ئورتا دىڭگىزنى، ئاق دىگـ-
گىز «بەخىرى سەفىد» دىيەلەر ـ ت

كەھف يەغني بۇل غاردا ئەۋلىيىەلەر تۇرىپ ئاللاغا غىبا-دەت قىلغان ئورنى دېگەندىگىنى مەغنىسە ئاڭلاتا. بۇلاي بولغاندا ئەسخاب كەھف غارى بىر نىچچە جىيردە بولىشدا غەجەپ ئىيمەس. ئەسخاب كەھفدەن باشقا غارلار-دا غىيبادەت قىلغان ئەۋلىيىەلەر كۆپ. بىز يازغان جىيدى غارنىڭ بىرسى قۇرئەندە ئەيتىلگەن ئەسخابنىڭ غارى بولىپ، قالغانلارى بىرەر ئەۋلىيىەنىڭ ياتقان ئورنى ياكى قەبىرى بولىپ، بارا - بارا زىيارەت ئورنى بولۇۋدا مۇمكىن دىسەك، يوغاردا ئەيتىپ ئۆتىلگەن سۆزلەرنى تەتقىق قىلىۋغا ئوڭايىراق بولا.

لەكىن سۆز باشىندا ئەيتىلىپ كىيلە ياتقان ئوشى غارنىڭ قۇرئەندە ئەيتىلگەن ئەسخاب كەھف ئىكەنلىگى بىر نىيچە ياقتان قاراغاندا مۇۋافىقىراق شىيكىللى. چۈنكى ئالدى بىلەن غارنىڭ ئىيشگى شەرىققا تاباراق جەنۇبى تارافى بولىۋى، ئىيكىنچىدەن، قوياش چىققاندا، باتقاندا شەۋلە غارنىڭ ئاۋزىنا تۈشىۋى، ئەگەردە ئالدىندا بىيناسى بولماغاندا قوياش باتاردان بۇرۇن، غەرب تارافتا شەۋلە غارغا كىرىپ، باتقان چاقتا شىيمال يەغني شەرىق تارافىندان چىقىپ يوغالىر ئىيدى. ئالدىنا سالىنغان بىينا قوياشنىڭ نۇرىنى توسقانلىغىندان قۇرئەندەگى ئەيتىلۈگە قارشى ئىيمەس. گۈنبەزنىڭ ئىيشگى غارنىڭ ئاۋزىنا توغرى بولغانلىغىندان، گۈمبەز ئىيشگىنە تۈشكەن شەۋلە قالاي بولماسىن غارنىڭ ئىچىنە تۈشەر ئىيدى، دىيپ ئويلارغا بولا. «رۇخۇلبايان» تەفسىيرىندە: «مازىكىر قىلىنئاياتى مىن تەزاۋرۇلشەمس ۋە قەرەزۇھا

تالىئەتوُن ۋەغاربەتوُن قەبىلەئەن سەددە دەقيانوُس با-
بوُل كەھف ئىزلا يوُتەسەۋۋئەروُ دوُخوُل شائوُششەمس
مىنەلبا بوُلمەسدوُد ھەتتا يەھتا جوُئنلەتتە زاۋەروُ ۋەل-
قەرەز كەمالا يەخەفا ئىنتىھى ئەيىن غار قىبلەھوُ»، مە-
غەنەسىنى: ئايەتتە ئەيتىلىۋنچە: كوُن چىققان ۋە بات-
قان چاقتا دەقيانوُس بيكىتىپ تاشلاغان غارنىڭ ئىچى-
دە كوُن شەۋلەسى توُشمەي. شەۋلە كوُن چىققاندا ئوُڭ-
غا، كوُن باتقاندا سوُلغا توُشە، بوُ غار قيبلە ئىختىبا-
رى بىلەن قاراغاندا غەربكە يونەلمەي، شىمالي شە-
رققە يونەلە. چوُنكي ناماز ئوُقوُچىنىڭ قيبلەسى ئوُڭ-
دا بولسا سوُلغا قاراپ، قيبلەسى سوُلدا بولسا ئوُڭغا
قاراپ ئوُقىلا؛ ديگەننە ئاساسلانغاندا، غارغا قىبلە ئىخ-
تىبارى بىلەن قاراغاندا غەربي ۋە شىمالى تارافى،
غارنىڭ ئوُزى ئىختىبارى بىلەن قاراغاندا شەرقي تارا-
فىدوُر. چوُنكى «يەمەن قىبلە يەسار ئەلموُسالىلا يەسار
قىبلە يەمەنەئەلموُساللادوُر».

مەغنەسى: قىبلا ئوُڭدا بولسا، سولدان ئوُڭغا قا-
راپ، ئەگەر قىبلا سولدا بولسا ئوُڭغا قاراپ ناماز ئوُقى-
لا ديگەنى بولا.

ئوُلوُغلار ئايەت كەرىمەدە تولوُغ ۋە غوُروُب، (كوُن
چىغوُ، باتوُ) قەبىلەز ۋە ۋال، بەئەدەززەۋال مەفھوُمىندە
(كوُن باتوُدان ئەۋۋەل ۋە باتقاندان كەيىن) دييەلەر.
بەغزىلەرى: «ۋەتەرەششەمسە ئىزا تەلەئەت تەزا ۋەروُ-
ئەن كەھفىھىم زاتەليەمينى ۋە ئىزا غەرەبەت تەقىر
زوُھوُم زاتەششمال» مەغنەسى: «كوُن چىققان ۋاقتتا،

ئالارنىڭ غارىنىڭ ئۇڭ تەرەپىنە ئۆتۈپ كېتكەنلىگىنى كۆرەسىن، كۈن باتقان ۋاقىتتا، ئالارنىڭ غارىنىڭ شىمال تەرەپىنە ئۆتۈپ كېتكەنلىگىنى كۆرەسىن» (يەنى غارنىڭ ئىشىكى شىمال تەرەپتە بولغانلىغىدىن كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ ئىككى تەرەپىنە چۈشۈپ تۇرا. ئاللا ئالارنى خۇرمەتلەگەنلىكتەن، كۈن چىققاندادا، كۈن باتقاندادا، ئانىڭ نۇرى ئالارنىڭ ئۈستىلەرىنە چۈشمەيدى) دىگەن ئايەتنىڭ تەفسىرىنى تولىقلاپ مىسال كېتىرىپ مىسالى: بىر سىركول ستىرىلكاسىنى ئاچىپ، تۈتقىچىنى غارنىڭ جەنۇبىنە، يۈنىلىشىنى (ئۇچىنى) غارنىڭ ئىچكەرىسىنە قويىساغىز، قوياش ئۆرلەگەندە تۇتقىچىنىڭ شەرق تارافىندان تۈشكەن شەۋلە، سىركۇلنىڭ غەرب تارافىنداغى ئۇچىندان غارغا كىرىپ، كۈن باتاردا سىركۇلنىڭ غەرب تارافىنداغى تۇتقىچىندان شەرق تارافىنداغى ئۇچىنا تۈشۈپ، ئاندان چىقىپ باتادى. ئاللا تەغلە ئايەت كەرىمەدە «تەقرەز ھۇم» دىگەن سۆز ئۇشى مەغنەنى بىلدىرە دىلەر. غەقلى ئىدراك، كىشىلەردەن سىرت بىر مەغنەدە دىيىشلەر.

ئۇچىنچى ئۆتمىشدەگى خىكايەلەردە نادانلىق زامانداں ئۇشى كۈنگە قەدەر ئادەملەر ئالارنى خۇرمەتلەپ كىلۈلەرى، ئەلبەتتە ئالارنىڭ خەقىقي خاللەرىن ئاز - كۆپ بولسادا بىلگەنلەرى، ياكي ئالارنىڭ ئەخۋاللەرىنە ئوخشاش بىر ئەخۋاللەرنى كۆرگەنلىكلەرىنەدە دەلىل بولا ئالا. بولماسادا تاۋلاردا بۇندانىدا زور غارلار، چۇقۇر ئۆڭكۈرلەر يوق تۈگۈل. ني ئۈچىن ئالارنى زيارەت

ئورنى قىلمىلار؟ بىر بىلگىسى بولماسا، كىشىلەر بىكەرگە فايداسىز غارغا ئىشانماس ئىدى. «لايەجىتەمىسغۇ ئۇممەتى غەلەززالالە» (ئۇممەتىنىڭ بارلىغىدا قاراڭغۇلۇقتا بولماڭلار) دېگەن سۆز بار.

دۆرتىنچى: ئافقاق خوجا شىكىللىك پاك ئىشان ئالارنىڭ غارى ئىكەنلىگىن تەسدىقلەگەن.

بىشىنچى: ئالارنى ۋاستە قىلىپ تىلەگەن تىلەكلەر، ئاللا تەرەفىندان قابىل بولۇۋغادا تورا كېلگەنلەر.

ئالتىنچى: ئىخلاس بىلەن قىلغان دۇئا ۋە مۇناجاتلەرى قابىل بولغان.

جىدىنچى: ئالارغا خۇرمەتسىزلىك قىلغان كىشىلەر بىر زەرەرگە دۇچار بولغان ياكى بىر بەلەگە يولىغۇكىبى ئىشلەردە كۆرىلگەن.

ئوشىندي مىسالالارغا قاراغاندا سۆز تالاشۇلارنى قالدىرىپ، مەقسەتتە تورۇ ياخشىراق. «ئەلغەلىمى ئىندالاھى يەئەلە مۇلغەيىبە سەۋاھ» (مەغنەسى: غىلىم ئاللادا، ئانىڭ سىردىن بىلەرلىك سەۋىيە يوق).

«مىراتۇلكا ئىنات» دېگەن كىتابتا ئىمام قەففالدەن نەقلەن يازىلغان رىۋايەتدە، غارنىڭ بۇل جىردە ئىكەنلىگىنە قارشى فىكىرى يوق. بەلكى ئەبۇ غەلي ئىبنى سىينادەن تەسدىقلەنگەن خىكايەدە، غارنىڭ ئوشى يورتتا بولغانلىغى تەكىتلەنە.

مىرئاتنىڭ سۆزىندە ئەۋۋەل تەفسىرلىبابدە ئەيتىلۋندە ئەسخەب كەھفنىڭ زامانى ۋە ماكانى ۋە تورىندا هەر تۈرلى فىكىرلەر بولا: بەغزىلەر بولار مۇسا غەلەي-

مەسسەلەمدەن بۇرۇن بولغانلىقتان، مۇسا پەيغەمبەر تەۋ-
راتتا ئەيتكەن. شۇنلىقدان يەھۇدىلەر مەدينەدە مۇھەم-
مەد غەلەيھىسسەلەمگە بۇ خەقتە سۇئال قويغانلار دىسە،
يەنە بىرەۋلەر، بۇ ئەۋلىيەلەر غارغا خەزىرەتى غەيسا
زامانىدان ئەۋۋەل كىرىپ، غەيسادە بۇلارنىڭ ئەخۋالى
خەقىدە سۆيلەگەن، غەيسا كۆككە چىقىپ كېتكەندەن
سوڭ ئالار يۇقىدان ئويانغانلار دي. يەنە بەغزى كىشلەر،
ئالار غارغا كىرىدۇى غەيسا كۆككە كۆتەرىلىۋدەن سوڭ
ئيدى، دىپ تالاشا، تاغىن بىر توپ كىشىلەر: ئالار ئۆل-
مەدى، قىيامەتكە چاقلى ئۆلمىلەر دىپ ئەيتەلەر.

ئاتاقلى غۇلەما قەففالنىڭ ئەيتىۋى: «بىزنىڭ قا-
راشىمىزچە، بۇلارنىڭ ئورنى بىلگىلى تۆكىل، ياتقان
جىيرلەرى بىلگىلى — دىگەن، رۇملىلارنىڭ سۆزىنە ئىشا-
نىرغا يارامىي» دىيە.

ئەبۇغەلي ئىبىن سينا: فيلاسوف ئارىستوتىل مەتا-
لەھين - دىگەن بىر خالىق بولغان ئيدى. ئالاردادا
ئوشى ئەسخەب كەھف خەلىنە ئوخشاغان بىر ۋاقيغە ئۆۋ-
تىلگەن، لەكين ئالار ئەسخەب كەھفدەن بۇرۇن بولغان
دىپ تارىخدان خەبەر بىيرەدى.

ئەگەر خيكايەنىڭ ئاخىرىدە قەدەر ئارىستۇتىلنىڭ
سۆزى بولسا، ئەسخەب كەھفدەن بۇرۇندا شۇندى بىر
خەل بولغان بولا. قۇرئەندە ئەيتىلگەن ئەسخەب كەھف
يوغاردا سۆيلەنگەن خيكايەدەن باشقا يەغني سوڭغى
ئەسخەب كەھف بولا. ئەگەر خيكايەنىڭ يارىمى ئەبۇغە-
لي ئىبىن سىنانىڭ سۆزى بولسا، بۇنىڭ زامانى بيلـ

گەنسىز بولغانلىقىدىن، ئەبۇ غەززالىي ئىبنى سىنا بۇ تا-
رىخنىڭ باش - ئاخىرىدىن قالاي بىلە دىيپ ئويلارغا تۇ-
غىرى كېلە، ئارىستوتىلنىڭ «مەتالەھىين خەلقى» دىگەن
سۆزىنىڭ ئىككى تۈرلى مەغنەسى بار. ھەمزە بىلەن بول-
سا مەتالەھىين - مەتەفاغىلۇن ۋەزنىدە ئىلەئىتخاز (ئال-
لا تۇتۇچىلار) بولا. ھەمزەسىز بولسا «مەتالەھىين» مەغا-
فىلۇن ۋەزنىدە ئەسلى ئىككى سۆزدەن ياسالغان سۆز بو-
لىپ «مەتە» بىلەن «لەھىين» دىگەن سۆزنى قوشۇپ
ياسالغان سۆز بولا. «مەت» نىڭ مەغنەسى تۆبەنىنەن
سۇ چىغارۇ، «لەھىين» يولاۋچىلار كېلگەندە، ئەكېلىنگەن
ساۋغا-تارتۇ دىگەن مەغنە چىغا. بۇلاي بولغاندا تۇرفان
ۋىلايەتىنە باشقا جىيرلەردەن كېلىۋچىلەر، ۋىلايەتتەن
قايتارىندا ساۋغا - بۆلەك ئۆچىن يۈزىم، ئالما، ئانار، چى-
لان جىيمىشلەردىن ئالا كېتكەنلەرىندەن «مەتەلەھىن»
سۆزلەردىن قوشۇپ يەغىنى، بۇ جىيمىشلەر قۇدۇق سۇۋ
بىلەن سۇغارلىپ تەربىيەلەنگەن دىيىۋلەردە مۇمكىن
دىيپ ئويلارغا بولا. چۈنكى بۇ ئاتىرافىنىڭ ئاغىن سۇۋى
يوق. كۆپچىلىگى كارىز قازىپ سۇ چىغارىپ ئىگىن سالا-
لار، باقچا ئۆستىرەلەر. بۇرىنغى ۋاقىتلاردا ئوقىمىشلى
كىشلەر شۇندي سۆز - لۇغەتلەر بىلەن سۆيلەۋلەردە
مۇمكىن. يوغاردا ئەيتىلگەن ئىككى مەغنەنىڭ قايسى
بولسادا جىيدى ئەۋلىيەنىڭ ئۆشى ئىلدە ئىكەنلىگىدە
ئىسبات - دەلىل بولا ئالا.

بۇ ئۆلكەنىڭ خالقى ئىسلامغا كىرىۋلەرىندەن بۇ-
رىن مەجۇسي ئىدىلەر. ئالاي بولسا «مەتەلەھىين» بو-

لۇلارىندە شوھبە يوق. ئىككىنچى مەغنەدە ئاڭلاساق قۇ-
دۇق قازىپ سۇ چىغارۇ خەرەكەتلەرى ئىسبات بولا.
فيلاسوف مەرخۇمنىڭ ئەسخەب كەھفنىڭ ئەخۋەلى-
نە ئوخشى دىگەندە، ئالارنىڭ ئوشى جيرنىڭ ئادەملەرى
بولىشۇدن ئاڭلاتا.
بەلقىس خيكايەسىدە شول شيكللى سۆزلەر بار.
ئارىستوتىل بولسا بۇتۇن دۇنياغا تانىلغان فيلا-
سوف ئىكەنلىگىن تارىخچىلار ياخشى بىلە، ئانىڭ خەلىن-
دەن ئازىراق ئەيتەيىك. خەكىم ئارىستوتاليس دىگەن
سۆزنىڭ مەغنەسى: بىلملى، تالانتلى، سىرلى خىكمەتلەر-
گە قىزىغۇچى دىگەن بولا. شول مەغنەدە بولۇ ئۆچىن
ئارستوديپتە يۇرىتەلەر. ئاتاسى نىكۇماخىس غاليم، فيلو-
سوف ھەم تەجىربەلى تابىب بولغان كىشى. ئافلاتون
بىلەن غەسىردەش ئىدى. ئارستوتىل 17 يەشىندە ئەف-
لاتونغا شەكىرت بولغان، جىگىرمە يىلدان ئارتىق ئوقىپ-
ئۆيرەنىپ، غالىبىملىق دەرەجەسىنە جيتكەن. زيرەك بول-
غاچ، ئەفلاتون ئانى: غەقلىنىڭ ئۆزى - دىپ ماقتاغان.
ئەفلاتون ۆلگەندە ئورنىدا مۇغەللىم بولۇپ، غيلمي
مەنتىقنى ئيجات ئيتكەن. زامانىسىنىڭ پادىشاھسى ئا-
ريستوتىلغا بيش يۇز مىڭ فىلۇر (ئيسكى يۇنان ئاقچا-
سى) بيرىپ ئانىڭ سىرتىندا، يۇز يىگىرمە مىڭ فىلور
مەغەش تەغيىنلەگەن. ئولغاجايىپ فەنلەر، غارايىپ خيك-
مەتلەر خەقىندە يۇزدەن ئارتىق كيتاب يازىپ قالدىرغان.
«خەۋۋاس ئەخجارى» (تاشلارنىڭ خەسيەتلەرى) دىگەن
كيتابىندا ئالتى يۇز تۇرلى تاشنىڭ خاسيەتلەرىن سۆي-

لەگەن. ئالىكساندىر ماكېدونىسكيغا بيش يىل مۇغەللىم بولىپ تەربىيەلەگەن، 67 - 68 يەشلەرىندە ۋاپات بولدى.ئالىكساندىر ماكېدونىسكي ئانىڭ تەربىيەسىندە زور پادىشاھ بولغان. ئارىستوتېلنىڭ تەغلىيمى ئارقىلى ئىسكى يۇناندە پۇت پەرەسلىك تۈگەتىلىپ قابا ساقاللى گىرىكلەر مەدەنىيەتلى بىر خالىققا ئۆزگەرگەن.

ئارىستوتېل غىلىمگە بيك بيرلىۋچى كىشى بولىپ، سۇئال سۇرالسا باشىن تۆبەن سالىپ ئويغا كيتىپ ئاز - قىسقا جاۋاپ بيرە ئىكەن. كۆبىنچە سەخرالاردا، سۇ بويلارىندا، ئورمانلىقلاردا تۇرلى تاۋىشلارنى ئىشتۇگە قىزدىغۇچى كىشى بولغان. غىلىملەر خەقىندەگى بەخس - مۇنازىرلەرگە قاتناشا ئىدى. بەخسلەردە خاتالىق چىبەرىپ قويسا، ئۆز خاتالىغىن ئىختىراف قىلا تۇرغان، تۇرمىشتا غاددي - ساددە ئورتاچا ئۆتكەن، مەشھۇر شەكىرتلەر جيتىشتۇرگەن كىشى. مال - دۇنياغا قىزىقماستان مەكتەب، مەدرەسە ئاچىپ كىشلەرنى تەربىيەلەگەن. ۋافات بولغاندان كەيىن دەفىن قىلىنغان جيرى ئىستاشەھەرى. شەھەر خالقى بىرەر قيىن مەسئەلەگە ئۇچىراسالار ئانىڭ قەبىر باشىندا كېڭەشۇ كىشلەرگە غاقىل بيرە، مەسئەلە ئوڭاي خەل بولا ديپ ئىشانغانلار.

ئارىستوتېل خەقىندە يازىلماغان خاتىرەلەردە مەنتيقە غىلىمىن ئىك ئىلىك يازغانلىغى ئۈچىن بۇ غىلىمدە بىرىنچى مۇغەللىم ديپ ئاتاغانلار. ئانىڭ تەغلىمەتىندە 16 مەسئەلە سۆيلەنە.

بىرىنچى مەسئەلەدە: ئاللانىڭ بارلىغىن ئىسغاتلي.

مەنتىقە قۇۋۇەت خەركەتلەندۈرۈچى بولغانلىقدان، ئەۋ-
ۋەل خەرەكەتلەندۈرگەن كۈچ بارلىق خەرەكەتنىڭ باش-
لاۋچىسى دي، هيچ بىر خەرەكەت، خەركەتـلەندۈرۈچىـ
دەن ئايـرىلالمي ئيكەن، ئالاي بولغاندا سىلسىلە (زەن-
جىر، باسقىش ياساپ، ئانىڭ خەرەكەتلەندۈرۈچىسى يەنە
ئانىڭ خەرەكەتلەندۈرۈچىسى دىيىپ ئىزلەرگە توغىرى كيلە.
ئەممە سىلسەلە قۇۋلاشتىرۇ خاتا بولغانلىقدان بىر قۇز-
غاۋچى يەنە بىر قۇزغاۋچىغا بەيلەنە ديسەك، دۇنيـانى
ياراتۇچى ئاللا يەنە باشقا كۈچكە بەيلەنىرگـە، ئانـدان
فايدالانىرغا مۇختاج ئيمەس. هەر بـىر بارلىقـا كيلىۋ
فەقەت ئاللانىڭ بارلىغىناغىنە مۇختاج.
ئيكىنچى مەسئەلە: ئاللا بىرگىنە، يەغني غالەمنى
خەرەكەتلەندۈرۈچى ئەۋۋەل ئيسـم بىلـەن زات بىلـەن
مەۋجۇت بىرگىنەدىر. ديمەك ياراتۇچـى غالەمـدە بـىر
بولىۋى بارلىق ئىختىقاد كيتابلاردىنـدا يازىلـغان. بۇل
سۆزلەردەن قاراغاندا ئاريسـتوتىل زامانى ــ ئالىكساندىر
ئيكىنـچى زامانـىنا توغـرى كيـلـە. ئينـدى ئيسـكەنـ
دەر بـىرىنـچـى بولـسـا قـۇرئەنـدە ئەيـتىلـگەن ئۇ-
لۇغ ئيسكەندەر زۇرلقەرنەيىن يۇنانىي بولىپ، ئۇل ئيس-
كەندەر ئيكىنچى زامانىندان ئيكى مىڭ يىل ئەۋۋەل،
خەزرەتي غەيسا غەلەيهىسسەلەمدەن ئۈچ يۈز يىل ئەۋ-
ۋەل ئۆتكەن.
بۇ تاريخلاردا غى بىر ـ بىرىنە قارشـى سۆزلـەرگە
قاراغاندا ئەسـخەب كەهف غەيسا غەلەيهىسـسـەلەمـدەن
بۇرۇن بولغان ديگەن سۆزى قۇۋەتلي. بۇڭا دەليل فيـ

لوسوف خەزدرەت غەيسادەن بۇرۇنغى كىشى بولسپ، ئەس-
خەب كەھفى خەلىنە ئۇخشاغان بىر ئەخۋەلنى سۆيلەگەن
دېگەن رىۋايەت بار.

## يەنە ئەۋۋەلگى سۆزىمىزگە قايتىق:

ئېيندىگى سۆزىمىز ئەسخەب كەھفىنىڭ مەكانى يەغ-
نى ياتقان ئۇورنى ئايەت، خەدىس بىلەن ئىيسفاتلانما-
غان ھەم بۇل تۇرالى تالاش - تارتىشلاردا قۇتىلا ئال-
ماغان ئەخۋەلدە خەقىقەت بولماسادا بىر ئۇرىنغا، بىر
جيرگە خاس دېپ خۇكۇم قىلىاقىتا، ئىختىقادقا زارار
كيلمي. چۈنكى ھەر بىر كىشى ھەر تۈرلى فاكىتلارغا
قاراپ غەقلي ئۇيلانىۋلارى ئارقىلى، ئۆزى كۆرگەن جىير-
لەرگە قاراپ ئىشانىش بىلەن خۇكۇم قىلىۋلاردا تو-
غىرلىققا ياقىندر. ئالارنىڭ ئەخۋەلىنە ئۇخشاغان خەل-
لەرنى، ئاڭا ئۇخشاغان غارلارنى «ئۇلدا ئىيمەس، بۇلدا
تۇگىل» دېپ بارلىغى يالغانغا چىقاردىپ، كىشىلەرنىڭ
غەقل - فىكىرلەرىن شۆھبەلى قوزغاۋلارغا سالماق. ئىيس-
كەرتىۋ بىلەن ئىسباتلانغان ئەسخەب كەھفىنىڭ بارلىغىن
تەمامەن بۇتۇنلەي يالغانغا چىقاردۇ بولا. غەۋام خالىق-
نىڭ ئىشانچاسىن ساقلاۋ ئۇچىن كىشىلەر قاي جيردە
بولسىن، ئەسخاب كەھفىنىڭ غارى دېپ خۇرمەتلەسە، ئانى
دۇرۇس دېپ بىلىپ، ماقۇل كۆرىپ، كىشلەرنى زىيارەت
قىلىۋغا قىزىقتىرغاندا فائىدا بارلىغى ھيچ كىشىگە يە-
شىرىن ئىيمەس. خۇسۇسەن خيكايەمىزدەگى غار بيش -

ئون يىللىق ئىچىندە ئىمەس، قاي زامانلاردان بىرلى
زىيارەت ئورنى بولىپ كىلگەنلىگى يوغىاردا ئەيتىلىپ
ئۆتتى.

تاتارستان دىيىپ ئاتالىپ كىلگەن ۋىلايەتتەگى بار-
لىق مۇسىلمانلارقانچا زامان، قانچا يۈز يىللاردان بىر-
لى بۇلارنى خۇرمەتلەپ ساقلاپ كىلگەنلەر. خەزرەتي
ئافاق خوجا شىكىللى ئاتاقلى كىشىلەردە ئول جىرنى
زىيارەت قىلىۇغا رۇخسەت بىرگەن. بىرقانچە ئىسلام پا-
دىشاھلارى ئول جىرلەرنى ياساپ، تۈزەپ خىزمەت كۆر-
سەتكەن ئىكەن. شول چاقتادا غۇلەمالەر ئەگەر شەرىغەت-
كە قارشى ئىش بۇلغان تەقدىردە - دە خانلارنى بۇ ئىش-
تەن تىيىيا ئالماسالاردا، غەۋەم فۇقرانى تىيغان - توسقان
بولار ئىدى. دىمەك ئالار بىۇل غارنىڭ خەقيىقى ئەخ-
ۋەلىن بىلگەنلەر، ياكى راسلىغىنا خۇججەت بۇلىرلىق بىرەر
ئىشلەرنى كۆرگەنلەر. شۇڭا كۆرە زىيارەت ئورنى
قىلىمىشلار. شولاي دىسەك تەفسىر، تارىخلارغا مۇۋافىق
بولىۇى مۇمكىن.

ئەۋۋەلگى كىتابلاردا ئەسخەب كەھف رۇمدا ئۆتكەن
دىگەن سۆزنى ئوشى رۇمچە (ئۇرۇمچى) دىيىپ توشىنىۇ-
چىلەردە بۇرۇندان بىرلى رۇمچە شەھەرى مەركەز بو-
لىپ كىلگەن، بۇ دىيارنىڭ خاكىملەرى ئوشى رۇمچەدە
بولغانلىقدان شۇغان قاراپ بۇ ۋىلايەتنى رۇمچە ۋىلا-
يەتى دىگەنلەر. بۇ ئىسىم كۆپ زامان قوللانىلىپ كىل-
گەنلىكدەن كىتاب يازۇچىلار «چە» سۆزىن «چى» گە
ئۆزگەرتىپ كىتكەن دىيىپ، بارلىق ئالتى شەھەرلىكلەر،

بولىپمۇ تۇرفانلىقلار بۇ سۆز تالاشىندا بىيك نىقلى دەغۆەلەشەلەر. بۇ ھەقتە يوغارداغى «رۇمچە» مەۋزۇغىندە ئەيتىلىپ ئۆتىلگەن ئىدى.

مىن بۇ سۆز جەيىندە بىر مولىلا بىلەن ئۇزاق بەخىسلەشتىم. تۇرفاندا ئىمەس باشقا ئورنىدا دىيىلگەندەگى رۇمنى رۇمچەگە سۆيرەپ كىلىپ ياقىنلاشتىرۇ تۇرا ئىمەس. رۇمداغى غارغا خەزرەتى ماغاۋدىيە بارماقچى بولغاندا، خەزرەتى غاببىاس توسقان يەغنى قارشى چىققان ئىكەن. باشقا كىشىلەرنى جىبەرىپ، ئالار غارغا كىرمەك بولغاندا «بۇرۇلىپ قاچارسىڭ، كىرىۋگە چىدايالارمىسىڭ» دىگەن خىكايەلەر، تەفسىرلەر، تارىخلاردا كۆپ ئەيتىلگەن سۆزلەر، يەنە خەزرەت ماغاۋدىيە بۇل ياققا كىلگەندە ئىمەس دىگەندە، مۇجىپ ئاخۇن تىزەلەنىپ ئوتىرىپ بىيك تۆبەن تاۋىش بىلەن يۇۋاش خەلدە بۇلاي دىيپ جاۋاپ بىيردى: «مىن ئالدى بىلەن بۇ فىكىيرگە قوشىلمىيمىن، چۈنكي خىكايەلەردە بىر كىشىنىڭ سۆزى ئىيسفات بولالمي، مۇندي خەبەرلەرنى يازۇچىلار بىرىسىندەن بىرسى فايدالانىپ، كۆپ كىشى ئىيسفاتلاسا كۆچكە ئىيىه بولا. يەنە بىر تارافتان قوشىلماقچى بولسامدا، خەزرەتى ماغاۋدىيا، خەزرەتى غاببىاس دىيىۇ بىلەنگىنە سەخەبە غاببىاس ياكي ماغاۋدىيە بولىۋلارى شارت ئىمەس. بۇ ياقلاردا سوغىش قىلغان باشقادا غاببىاس، ماغاۋدىيە ئىيسىملى كىشىلەر بولغاندىر. خەزرەت دىگەن سۆزنى قوشىپ سەخەبە ئىيكەنلىگىنى ئىيسفاتلاۋغا بولمي. بۇ ئىيسىملى كىشىلەر ھەر غەسيردە،

خەتتە خەزىردە ـ دە كۆپ تۇگىلمى؟» دېپ دەلىل كۆر-
سەتتى.
ئىكىنچى مەسئەلە: ئەسخەب كەھفىنىڭ بولغان شە-
ھەرى ئىفسوس ئىكەن، بارا ـ بارا تارسوسقا ئۆزگەر-
گەن، دېگەن سۆزلەر بار. زامانلار ئۆتىشى بىلەن ئا-
تاۋلار ئۆزگەرىپ كېتىشى بار ئىش. ئالاي بولغاندا
تارسوسدان تۇرفۇنغا ئاندان تۇرفانغا ئۆزگەرىشىدە مۇم-
كىن. تىلگە ئوڭاي بولىشى ئۈچۈن ئۆزگەرتىلىپ كېتە.
تۇرفانلىقلارنىڭ تىلى تۈركي تىللەرنىڭ بىر تۈرى بو-
لىپ، باشقا تۈركي تىللەرگە قاراغاندا تولىق ئەيتمەۋ،
قىسقارتىپ سۆيلەۋ، ئۆزگەرتىپ يىبەرۇلەرى كۆپ كۆرى-
نە. خەزىردە ـ دە تۇرفان دېگەن سۆزدەگى «ر» تاۋشىنى
تاشلاپ قويىپ «تۇفان» دېيەلەر. ئالاي بولغاندا ئۇ
قىياس بىلەن تارسۇس، تۇرفان دېگەن سۆزلەر ئەگەر
«ف» («فا») بىلەن «س» («سىن») خەرىفلەرنى مەخ-
رەجدە ياقىن بولماسادا ئىشتىۋدە تاۋشىداش ياقىنلىق
بارىن ئويلاغاندا تارسوس دېگەن سۆزنىڭ «س» خەر-
فى «ف» خەرفىنە ئۆزگەرىپ تارفۇس، شۇلايۇق «س»
خەرفى بىلەن «ن» خەرفىنىڭ ياقىنلىغىندان تۇرفۇن
بولىشىدا مۇمكىين. ئەگەر شوندي يوللار بىلەن تۇرفۇن-
دان، تۇرفان بولدى دېپ بەخس قىلىشساق، يەنە ئارتىق-
چە دەلىل، قىياسلار كېرەكتە بۇلمي، سۆيلەگەندە تاۋش-
لار ئۆزگەرۇ، ئالماشۇ ميساللارى كۆپ. مەسئەلەن: ئا-
لىپ ـ كېلىپ دېگەننى، ئاپ ـ كېپ دېپتە ئەيتەبىز. تاغىن
بىر ميسال: ئازاربەيجان ئىسمى ئەۋۋەلدە ئازار بايكان

دیگەن سۆز ئیكەن، ئازاربەیجان بولىپ ئۆزگەرگەن. بۇنىڭغا دەلیل كیتىرىپ تۆبەندەگی خیكایەنی سۆیلیلەر: شەھەر سالىنغۇدا، شۇ زاماندانغی پادشاھ ئەۋۋەلدە ھەر بىر كىشی بىر ئیتەك تۇفراق كیتىرىپ تۆگەرگە قوشقان. تۆگىلگەن توفراقتان بیییك تۆبە یاسالغان. شول تۆبەنی ئازار بایـكان دیپ ئاتاغانلار. تۈركي لۇغاتىنـدە «ئازار» ــ بیییك دیگەن بولا، بایكان ــ غەزىم، ئۇلـۇغ دیگەن بۇلىپ یەغنی ئۇلۇغلار، كىبارلار مەرتەبەسی، دیـگەن سۆز بولا. ئیستانبۇل شەھەرىنىڭ ئیسمـدە ئیسـلام دینىنە جیتكەنچە كۆپ مەرتەبە ئۆزگەرگەن. مەسـەلەن: كونىستانتینۇپول، ئیستانبۇل، ئیسلامبول بولىپتا ئاتالغان. ئیستانبولنىڭ ئورنىندا ئەۋۋەلـدە لىگوس دیـگەن كىچكەنە بىر ئاۋىل بولغان، كەیىن یونـان ئیلـی كیلىپ ئورناشقان. ئاۋلەنىڭ ئیسمی شول مۇناسىبـەت بىلەن بىرانىسقا ئۆزگەرگەن. كەیىن شەھەر زورایىپ، مەشھۇر رۇم دەۋلەتىنىڭ پایتەختی بولغان چاقتا ئیمپیـراتور كونىستانتینىنىڭ ئیسمىندە كونىستانتینوپول بولـغان. یۇنان تىلىندە «پول» شەھەر دیگـەن بولا. بۇلـدا بارا ـ بارا ئىستانبۇل ئاتالىپ كیتكەن. جەغرافییەلەردە یەنە تىسارگىراد، میكلانپارد دیپتە ئۆزگەرتىلگەن دیگەن سۆز بار. ئیسلامغا ئۆتكەندەن سوڭ غەرەبچە «ئیسلام» ۋە یۇنانچە «بۇل» دیگەن ئیكی سۆزنی قوشىپ ئیسـلامبۇل، یەغني ئیسلام شەھىری دیگەن مەغنەنـی بىلـدىرە. شۇنىڭ شیكىللی ماقالەمىزدەگی تورسوس ـ تۇرفۇنـغا، ئاندان تۇرفانغا ئۆزگەرمەگـەن دیيۈگـەدە بۇلمـي،

بۇل ئيكى شەھەرگىنە ئيمەس، يۈزلەپ، مىڭلاپ ئۆز-
گەرتىلگەن جيرلەر بار ئيمەسمى.

بىر ئىشانچلى كىشىدە: تۇرفان شەھىرى قايسى زاماندا قۇرۇلغان — ديپ سۇراغانىمدا، «ھەقيقەتىن ئاللا بىلە، لەكين ئيكى مىڭ يىلدان ئاشقاندىر ديپ ئويلاۋقا بولا، ئيسكى تۇرفان ديپتە ئاتيلار، ئيسلامغا كىرگەنىنەدە مىڭ يىلغا ياقىندىر» — ديدى. ئاستانا شەھىرى تۇرفاندا بۇرۇنلىغى ئانىق، لەكين قانچە بۇرۇنلىغى مەغلۇم ئيمەس. بۇ ۋىلايەتىنىڭ ئيسلامغا كىرۋى. سۇلتان بۇغراخان زامانىندا ديىۋچىلەردە بار. بۇغراخان سامانيە سۇلەلەسى ئەمىر نوخ بىننى مەنسۇر بىلەن غەسىردەش. ھيجىرەتىنىڭ ئۈچ يۈز سيكسەنىنچى يىللارىندا ئارادا سوغىش بولىپ، ئەمىر نوخ جيڭىلىپ قاچقان. بۇغراخان تۈركىلەر ئيلىندە ئاتاقلى خان بولغان. بۇنىڭ ئەخۋەلىن ئيكىنچى كيتابتا يازارمىن.

خەيەتۇلخەيۋەندە تورسوس شەھەرى ئالىبستان شەھەرىنە ياقىن خاراپ بولغان بىر شەھەر، ئەسخەب كەھف غارى شول جيردە ديىلگەن. ئالىبىستانىنىڭ «ئا» سى بىلەن «ل» خەرفىن قالدىرساق «بىستان» بۇلا. خاراپ شەھەر ديگەنى خەزىردە ـ دە خارابە دەقىيانۇسدەن قالغان قورغان ديلەر. ئاستانا شەھەرىندە ئۈشى قورغاندان ئالىس ئيمەس. يوغاردا ئەيتكەنىمىزدەي ئاستانا ئيسمى ياكى ئالىبستان ئۆزگەرىپ ستان بولغان، ياكى خەزرەتى ئالىپ ـ ئاتانىڭ جەسەدى شول جيرگە قويۇلغانلىغىدان ئاستانا ئاتالغان.

ئاستان، ئاستانا دىيپ يوقلاماق، دىيم ئالىب رەخەت ئالاتۇرغان ئورۇنلارغا ئەيتىلە. ئەۋلىيەلەرنىڭ كۆمۈلگەن ئورۇنلاردىن ئاستانا دىيۇدە شۇغان غەلـەقەسى بار. ئەـ ۋەلگى ۋاقىتتا ئالىبستان بولۇپ شولاي ئاتاسادا غەجەپ تۆگىل. غەرەبچەدە غالىپ دىيپ خەر ئىشدە، سوغىشلاردا جىيڭۈچىنى ئەيتەلەر. تۆركي تىلدەگى ئالىپ دىيگەنىدە شۇل مازمۇندا، ئەۋۋەلگى زامانلارداغى غالىپ، ئالىپ دىـ گەن ئاتاۋلارنىڭ ئورنىنا خەزىرگى ۋاقىتتا بەھادىر، پالۋان سۆزلەرى قوللانىلا.

ئەسخاب كەھفىنىڭ زامانى ۋە ئورنى خەقىندە بىر-بىرسىنە ئوخشاماغان فىكىرلەر بولغان كىبى. ئەھلى كىتاپ سۆزلەرىندە ـ دە ئالارنىڭ سانى نىيچە كىشى ئىكەنلىگى تۆرىندا تالاشلار بار.

يەھۇدىلەر: ئالار ئۈچ كىشى ئىدى. دۆرتىنچىسى ئىت دىيسە، خرىستىيانلار بىيش كىشى ئىتى بىلەن ئالـ تى دىيىەلەر.

ئالارنىڭ سۆزلەرىدە خەقىقى ئىيـمەس، ئويچا ئەيـ تىلگەن سۆزلەر. مۇسـلمانلار پەيغەمبەرىمىزدەن، ئۇل جەبرائىل غەلەيهىسسەلەمدەن ئىشتكەن نىگىزگە قاـ راغاندا، جىيدى كىشى، سىيگىزىنچىسى ئىت دىيىەلەر. ئاللا قۇرئەندە ئەۋۋەلگى ئىيكى دىيندەگلەرنىڭ سۆزىن رەت قىلىپ «سەبەتە ۋە سامىنۇھۇم كەلبۇھۇم» يەغنى: جىيدى، ئىت بىلەن سىيگىزدي. غەرەب گىراممىاتىكاـ سىندە «ۋە» بىلەن ـ دىيگەن ھەغنەدە. «ھۇم» ئالار ـ دىيگەن مەغنەدە. بۇلاي بولغاندا «جىيدى» ئالار ئىتى بىـ

لەن سىگىز ـ دىگەن بولا. بۇ سۆزگەر بارلىق تەفسىر-
چىلەر قوشىلالار.

شولايوق ئىسمىلەرى تۇرىنداداا فىكىرلەر ئاز تۇگۇل.
خەزدرەتى غەلىنىڭ ئەيتىشۇنچە: يەملەيخا، مەكشىلىنا،
مەسلىنا بۇ ئۇچەۋى دەقيانۇسنىڭ ئۇڭ قول ۋەزىر-
لەرى. مەرنۇش، دەبەرنۇش، شازنۇشلار سول قول
ۋەزدرلەرى. چوپاننىڭ ئىسمى كىشتىتيۇش، ئىتنىڭ
ئاتى ردىيان ئىكەن. خەزدرەتى ئىبنى غاببانىڭ ئەيت-
تىشۇندە: مەكسالمىنا، يەملەنخا، مارتونس، نىنيونس
سارىنوس، دەۋەنىۋاس، كىشىتيتيونىس، ئىتىنىڭ ئاتى
قىتمىر ئىدى، دىيە.

«ئەرايىش سەئەلەبە» دە خەزدرەتى غەلى ئەيتىشۇنچە: يەملەيخا، مەكسەلمىنا، ماشخىميما، دەقيانۇسنىڭ
ئۇڭ قول ۋەزىرلەرى. مەتروۇش، كەشتونش، شادىنۇشلار
سول قول ۋەزدرلەر ئىدى. «قامۇس» تا مەكسەلمىنا،
يەملەيخا، مارتوش، بەۋالىسىن، سانيوس، باتنيوس،
كەفەشتۇتىت دىيىلە. يەنە بەغىزلەرنىڭ سۆزلەرىندە:
مەليخا، مەكسىنا، مارتۇس، نەۋانىس، ئارستانۇس، ئاۋ-
نوس، كەندى سەلەتتيوس، يەنە بەغزلەردە: مەكسەل-
منا، يەملەيخا، مارتونيس، سارديونيس، تىبونىس، كە-
فەشتاتيوش، دونەۋاس، دىسەلەر، يەنە بىرەۋلەر: مەكسال-
منا، يەملەيخا، مارتونيس، يونيس، سارينۇس، باتنيوس،
كەشفۇتات دىيەلەر. ئىتىنىڭ ئىسمى ئۇستىندە يوغاردا
ئەيتىلگەن ئىكى ئىسىم ردىيان بىلەن قىتمىردىن باش-
قادا بەغىسلەشلەر بار. ئىمام ئەۋزاغى ئىتىنىڭ ئاتى

سەيەر ديسە، شاي-بۇلغەممالي خۇمران دييە. ۋاھاپ خە-
زدرەتلەرى نەقيادديە. ئىبنى جەرسرلىك ئەيتىشۇنچە
ئەسخەب كەھفنىڭ ئىتنىڭ ئاتى ئارسلان ئىدى. ئارس-
لاننى غەرەبچەدە «كەلىب» ديپتە ئاتيلار دييە. ئىت-
نىڭ تۈرى، تۈسى توغىرلىقدا ھەر تۈرلى ئەيتىلگەن
خەزدرەتى ئىبنى غاببباس رەزيياللاھى تاغالا سۈرى
ئىت ديسە، يەنە بىر ريۋايەتتە قىزغىچ ئىت دييىلگەن.
مەقاتىل خەزدرەتلەرى سارى ئىت دييە، ئىمام قۇرتۇبا
سارىلىغى قىزىل دييەرلىك دييە. كەلەبى رەخمەتۇللاھى
تاغالا ئالاتۈسلى دييە. يەنە بىرەۋلەر كۆك ئىت دييە.
قارا، ئاق قىزغىچ، ئالا - ديپ، تالاشۇچىلاردا ئاز ئىمەس.
راستىنى ئاللا بىلە.

غارنىڭ ئورنى جيدى جيردە ديگەن بىلەن بيە-
شەۋىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق. ھيچ كىم بارىپ
زديارەت قىلمي، شۇندادا يىراقتان بىرەر تاۋنى كۆر-
سەلەر، كۆپ كىشى بىلمي ئوشى تاۋنىڭ فەلەن جيرىنى-
دە ئيكەن، ديپ يۈرۈچىلەردە بار. لەكين ئانىغى ئيكەۋ،
بىرىسى رۇم ۋىلايەتىنىدە، ئانداغى غار كيتابلارغا
يازىلغان كىشىلەرگە مەشھۇر. تۇرفانداغىسى تىللەردە
ئەيتىلىپ يۈرە. كۆڭىلدە شول ديپ ئيسفاتلىيلار. ئيكى
غارنىڭ ئيكىسىندە كۆرگەن سەياخەتچىلەر غار ئاتىرا-
فىنداغى خارابەلەرنى كۆرىپ، بىرسى - بىرسىنە ئوخ-
شابىراق قالغان جيرلەرنى خيالىندا مۆلچەرلەپ،
ئەسخاب كەھفنىڭ خيكايەلەرىنە مۇۋافىق شەھەر، پا-
دىشاھ سارايى، پايتەخت بولغانلىغىنى، پادىشاھ كافير

خالقنى جەبىرلەگەنلەردىن، بارلىغىنى غارغا مۇاپىقلاشتىرىپ
ئەلبەتتە ئانىڭغى ئۇشى دېيپ ئېشانالار. خەقيقەتىنى ئاللا
بىلە.

هەر خەلدە قايدا بولسادا ئەسخەب كەھفى غەلەيھى
رەخىملەر قەدىرلى ئۇلۇغ كىشىلەر ئېكەنلىگى ئانىق. ئاللا
ئالار تۇرىندا قۇرئەنىدە ئەيتكەن. يىلىنا ئېكى مەر-
تەبە فەرىشتەلەر ئالارنى ئوڭدان سولغا سولدان ئوڭغا
ئاۋدارىپ ياتقىزا. پەيغەمبەرىمىزنىڭدە كۆرگىنى كيلگەن-
لىگى، ئالارنىڭ ئۇلۇغلىغىنا ئىشارەتدور.

ئىمام سەغلەبىنىڭ ئەيتىشۇنىچە، پەيغەمبەرىمىز
ئەسخەب كەھفنى كۆرىرگە تىلەگەندە، خەق تەغەلە: «ئي
مۇخەممەد سېن ئالارنى كۆرە ئالمېيسىڭ. سەخەبەلەرىڭ-
دەن دۆرت كىشىنى ئالارغا ئېلچىلىككە جىبەر، سەلەمىڭ-
نى جېتكىزەر»، دېيپ خەبەر بېرگەندە پەيغەمبەرىمىز:
«ئي ئاللا مېن ئانلارنى قاندي جىبەرە ئالارمىن» — دي-
گەن. شول چاقتا جەبىرائىل فەرىشتە كيلىپ: «ئەي مۇ-
خەممەد بيشمەتىڭنى سالىپ دۆرت پۇچماغىنا ئەبۇبە-
كىر، غۇمەر، غۇسمان، غەلىينى ئوتىرغىز، خەق تەغەلە
سۇلەيمانىنىڭ بۇيىرىغىنى ئورنىلاغان جيلگە سېنىڭ سۆ-
زىڭنى ئاڭلارغا قوشتى» — دېيپ خەبەر بيرە.

رەسۇلىلامىزدە ئىشنى شول تەرتىپ بىلەن ئورنى-
لاشتىرا. جيلدە ئەمير بويىنچا سەخەبىلەرنى غارغا
كيتىرە. سەخەبەلەر غار ئاۋزىنداغى تاشنى ئالىپ ئىچ-
كەرى كىرمەك بولغاندا، ئىت ئويانىپ بۇلارنى توسماق
بولا، ئازدان سوڭ چاھار يارلەر ئېيكەنلىگىن

بىلىپ ئېيركەلەپ قارشى ئالا. ئاندان دۆرتىسى غارغا كىرىپ سەلەم بېرەلەر. ئەسخەب كەهفى كىشلەرى ئۇ-رنىلارىندان تۇرىپ قارشى ئالالار. چاھارىيارلار: «ئەي يىگىتلەر سىزلەرگە خۇرمەتلى پەيغەمبەرىمىز سەلەم ئەيتتى» دېيەلەر يىگىتلەر سەلەم ئالىپ رەسۇللامىز-نىڭ ئىسلام دېنىنى قەبۇل ئېتەلەر. ئاندان: «رەسۇل-لامىزگە بىزدەن سەلەم ئەيتىڭىز» — دېيىپ ئورنىلارىنا ياتارغا كىرىشتە. ئاخىر زاماندا مەهدى چىققاندا ئولدا ئەسخەب كەهفكە سە لەم بېرە. مەهدىنىڭ سەلەمىنى ئالغاچ يەنە يۇقلاپ، قىيامەت بولغانداغىنا ئورنىدان تۇرالار ئېمىش.

بۇ كۆرۈشۈدەن سوڭ جىبل چاھار يارلارنى كىيرى قايتارىپ كېلە، پەيغەمبەرىمىزنى كۆرگەنلەرىن سۇ-راغاندا، ئالار تەفسىلى جاۋاپ بېرە. رەسۇللامىز: «ئال-لاھۇممە لاتەفەرۇقۇ بەينى ۋە بەينى ئەسخابى ۋە ئەن-سارى ئەغفىرلەمىن ئۇخبىنى ۋە ئۇجىبىۇ ئەهلى بەيتى ۋە خاسىيىتى» مەغنەسى: «ئەي ئاللا بىزنىڭ ئارامىزنى يىراقلاشتىرما، سەخەبەلەرنى، ئەنسارلارنى سۆيگەنلەرنى، غائىبلەلەرنى سۆيگەنلەرنى ئالارنىڭ خاسىيەتى ئۈچىن كىچىر» — دېيىپ دۇغا قىلدى.

تىرىدەي يۇقلاپ ياتۇ ئەسخەب كەهفىنىڭ خاسىيەتلەرىندەن بىرىدۇر. بىر كىشى ئالارنىڭ ئېسمىن ئاۋىزىغا ئالىپ بىرەر خاجەتلەرىن تىلەسە، تىلەگى قابىل بولا. بىر نەرسەدەن خەۋەفلەنسە قۇتىلىر. ئۆرت-يانغىنىدا بىرەر چۈپىرەككە ئالارنىڭ ئېسىملەرىن يازىپ

يانغىنغا تاشلاسا ئوت سۆنە، كەغەزگە يازىپ بىشكدەگى يىغلاڭغى بالانىڭ ياستىق ئاستىنا قويسا بالا يىغلامي. ئىگىنگە خەۋەف بولغاندا، كەغەزگە يازىپ ئاغاچقا بەيلەپ ئىگىن ئورتاسىنا قاديلار. شەخيقي باش ئاۋرۇ باشقا بەيلىلەر. پادشاھلارغا يولىغىردا ئوك ئاياقغا، بالا تۇۋدو ئۈچىن تولغاق تۇتقاندا سول ئاياقغا بەيلىلەر. مال - دۇنياسىن ساقلاۋ ئۈچىن، ئۆلىمدەن قۇتىلۇ، ديگىزدە سەلامەتلىك ئۈچىندە بۇ زاتلارنىڭ ئىسىملەرىن يازىپ تۇمار قىلىپ ياندا ساقلىلار.

ئىندى سۆز - سۆزگە، خيكايە - ئەكىيەتكە ئۆلاشىپ ئەسخەب كەھفىنىڭ خەللەرىنە، ئالار نيندي سەبەب بىلەن غارغا كىرگەنىن، ني كەيفىيەتتە ئۇيانىشلارىن يازارغا تۇرى كيلە. لەكىين تەفسيرلەرنى مۇتالىغە قىلىرغا، غەرەبچە سۆزلەرگە مەغەنە ئەيتىۋگە كۆچىم چاقلى بولغانلىقدان تەرجەمە تبييە ۋە تەرجەمە خايەتلخەيۋانىنىڭ سۆزلەرىندەن نەقل ئالىپ يازدىم:

«ئەئۇزۇ بىللاهى مىنەششەيتانىررەجىم» مەغنەسى: «ئاللادان شايتانىنىڭ ئازدىرۋىندان ساقلاۋنى تىلەيمىن» ديگەن بولا؛ «ئەم خەسىبەت ئەن ئەسخەبەلكەهفۇ ۋەررەقىم كانۇ ئەمەنىنا ئاياتىنا غەجەبە» مەغنەسى: «ئەي مۇخەممەد ئويلاب قارا، ئەسخەب كەهف يەنە رەقىم بىزنىڭ ئايەتلەرىمىزدەن بىر غەجايىب ئايەت. جيردەگى، كۆكتەگى غەجەيىبلار ئاندا ندا غەجەبىرەك» — دييە. تاۋدا غار بار، رەقىم شول تاۋدا، يە بولماسا ئەسخەب كەهفنىڭ ئاۋىلى ياكي ئىتىنىڭ ئىسمى بولا. ئالاي بولماغان

بىرەر زور تاش بولىپ، ئاڭا ئالارنىڭ ئىسىملىرى يازىلىپ كەھفنىڭ ئىشىگىنىڭ قويىلغاندىر دىيلەر. بەغىزدىلەر ئەسخەب رەقىم سوڭغى قەۋىم كىشلەر ئىدى. ئالار ئۈچ كىشى ئىدى. تۇرمىش خاجەتى بىلەن يولغا چىققاندا ياڭغىرغا قالىپ بىر غارغا كىرەلەر. بوران چىغىپ غارنىڭ ئاۋزى بېك لەنىپ قالا. ئالاردان بىرسى: بىيكەر ئۇتىرمىق، ھەر بىرىمىز بىرەر ياخشى ئىشىمىزنى سۆيلەيىك، ئاللا شول ياخشىلىغىمىز ئارقاسىندا بۇ بەلەدەن قۇتقاردىر، دىيىە. شول چاقتا بىرسى سۆزگە كىردىشىپ: كۆنلەرنىڭ بىرىندە بىر ئىش ئۈچىن خىزمەتچىلەر ياللادىم. بىر خىزمەتچى تۆشكە ياقىن كىيلىپ قاتناشتى. ئىش بىتكەچ بۇتۇن كۆن ئىشلەگەنلەرنىڭ خاقلارىن بىيردىم. كەيىن كىيلگەنگە باشقالاردان ئازىراق بىيردىم. ئول ئاچۇ-لانىپ خاقىن ئالمى كىيتىپ قالدى. مىين ئانىڭ ئال-ماغان ئاقچاسىنا بىر ئۇرغاچى بۇزاۋ ئالىپ ئۆستىردىم، نەسىللەندىرىپ كۆبەيتتىم. كۆپ ۋاقىت ئۆتكەندەن كەيىن ئۆزىم تانىماغان بىر زەغىيف قارت كيلىپ «مىين سىڭا خىزمەت قىلغانىمىن، ئالماغان خاقىمنى بىير» — دىيىپ سۇرادى. مىيندە ماقۇل دىيىپ، ئانىڭ بۇزاۋىندان ئۆسكەن سىيىرلارنىڭ بارلىغىن ئاڭا بىيردىم. ئىلاھي مىين بۇ ئىشنى رازىلىغىڭ ئۈچىن ئىشلەدىم. بىزنى بۇبەلەدەن قۇتىلدىر - دىيىپ تىلى. شول چاقتا بىيكلەنىپ قالغان غار ئاۋزىندا يارىقلىق كۆرىنە. ئاندان ئىيكىنچى كىشى سۆ-زگە كىردىشە: مىين كۆپ مالىلى كىشى ئىيدىم. بىر كۆنى كىشىلەرگە قورقىنچلى سۆزلەر ئەيتىپ مال سۇراپ بىر

خاتىن كيلدى. مىن ئاڭا «نەفسىڭنى مىڭا بىر، بو-
لماسا ھىشنەرسەدە بىرمىيم» ــ دىدىم. ئول رىزا بول-
مي كىتىپ قالدى. بىر ۋاقتتان سوڭ يەنە سۇراغاندا
يەنە ئەۋۋەلگى تەكلىفنى ئەيتتدىم. ئول يەنە كىتدى.
يەنە كيلدى، شۇشلاي ئۆچ مەرتەبە كيلىپ ـ كىتىپ ئا-
خىردا بۇ ئىشنى ئىردىنە ئەيتە. ئىرى «نىگە رازى بول-
مىسىڭ، بىر نەرسە ئالالىساڭ خەلىمىز ياخشىلانىر» ــ
دي. ئول كيلىپ رازىلىغىن بىلدىردى. ئاندان ئول مىنى
تەجاۋىز قىلا دىيپ تىترەپ كىتدى: مىن نىگە تىترىدىسىڭ
دىسەم، ــ «ئاللادان قورقامىن» دىدى. مىن: شوندي
قىيىن خەلدە ئاللادان قورقاسىڭ ئىكەن، مىن رەخەتتە
تۇرىپ قورقماسلىغىم توغرا ئىمەس، ئەلبەتتە قورقامىن،
دىيپ ئانى بوشاتتىم. سۇراغان نەرسەسىن بىردىم، ئىـ
لاھي مىن سىنىڭ كىچىرۈدڭنى **ئۈمىت** قىلىپ نەفسىمە-
نى تيدىم. بىزنى بۇ بەلادەن قۇتقار ــ دىگەندە، غار-
نىڭ ئىچى ياقتىرىپ بىرىسىن ـ بىرسى كۆرگەنلەر. ئۈ-
چىنچىسى مىنىم قارتايغان ئاتا ـ ئانام بار ئىدى. قوي-
لاردىم كۆپ ئىدى، ئەۋۋەل ئاتا ـ ئانامنى تاماققا تويـ
دىرمي تۇرىپ، قويلارمنى باغارغا چىقمي ئىدىم. بىر
كۆن ياغىر بولىپ ئالارنىڭ يانىنا بارالمادىم. كۆن
باتىپ قاراڭغى تۇشتى. تورسىدىما سۇت ئالىپ كيلسەم
قارت بىلەن قارچىق يۇقلاپ قالغان ئىكەن. ئالارنى
ئويا تسام تىنچلارى كىتەر دىيپ تاڭ ئاتقانچا كۇتدىم، ئۆز-
لەرى ئويانغاندا تاماقلارىن بىردىم. ئىلاھي مىن بۇ
ئىشنى سىنىڭ رىزالىغىڭ ئۆچىن ئىشلەدىم، بىزنى بۇ

بەلەدەن قۇتقار دىگەندە غار ئاچىلىپ، ئۇچىسىدە قۇ-
تىلىپ چىققانلار.

ئەسخەب كەھفلەرنىڭ سەبەبىدە - دە ئىختىلاپ
بار. مۇخەممەد بىننى ئىسغاق ئەيتە: ئىنجىلگە ئىشانىۋ-
چىلار يولدان ئازىپ بۇزۇقلىققا كىرىشتىلەر. شەيتانغا
ئىيەرىپ تەمامەن بۇزۇلىپ، خەتتە بۇتلارنىڭ ئالدىندا
قۇربان چالدىلار. بۇتقا چوقىنىپ، كۆپ گۇناھلى ئىشلەر
قىلدىلار. ئارالارىندا غەيسا شەرىغەتى بىلەن يۈرۈچى-
لەردە بولىپ، ئالاغا غيبادەت قىلا ئىدى. پادىشاھلار-
نىڭ ئىسمى دەقىيانۇس بولىپ ئولدا بۇت پەرەس ئى-
يدى. بۇتقا قۇربان چالار ئىدى. ئول ئەسخەب كەھفلەر
تۇرغان شەھەرگە كىيلە، ئول شەھەر شول چاقتا ئەف-
سۇس دىيپ ئاتالغان. مەرغەش ۋىلايەتىندە ئالبىستان
شەھەرچەسى يانىندا بولىپ، خەزىر خاراپ بولغان. بۇ
خەبەرگە قاراغاندا ئەسخەب كەھف غارىدا ئالبىستان-
نىڭ يانىندا.

پادىشاھ بۇ شەھەرگە كىيلگەندە ئىيمانلى كىشىلەر
قاچىپ كيتە. سەبەبى پادىشاھ مۇسلمانلارنى بۇتقا
چوقىنىرغا ئەمىير ئىيتە. كۆنمەگەنلەرنى ئۆتىرىرگە بۇ-
يىرا. خەيەتىن ساقلاماقچى بولغانلار، دىيندەن چىغارلار.
كۆنمەگەنلەرنى ئۆتىرىپ جەسەتلەرىن شەھەر قورغانىنا
ئاستىرا. غارغا كىرۋچى يىگىتلەر قايغى - خەسرەتتە
قالسالاردا ناماز، روزالارىن تاشلاماي دۇغادا بولدىلار.
بۇلار رۇمنىڭ ئاتاقلى كىشىلەرىندەن سىيگىز يىگىت
ئىدى. پادىشاھ ئالارنى چاقىرىپ، بىزنىڭ بۇتلارىمىزغا

چوقىنىڭىز، يوقىنىسە ئۆتىرمەن، دي. ئالارنىڭ باشلىغى مەكسەلمىنا: «بىزنىڭ تەگرىمىز بار. ئۇل بۈتۈن جىير-كۆكنىڭ تەگرىسى، ئۇل ھەممەدەن ئۇلۇغ، باشقا تەگ-رىگە ئىشانمىميىز» دي، پادىشاھ ئاچۇلانىپ: «سىينلەرگە جازا بيرۋدەن ھيچ كىم توسالمي، لەكىن سىينلەر ياخ-شى يىگىتلەر ئىكەنسىڭلەر، ئايىيمەن، سىينلەر ئويلانىڭ-لار، غاقلىڭلاغا كيلۋدىڭلەرنى ئۈميت قىلامەن» دييە. ئاندان يىگىتلەر ئۆلىمدەن قالغانلارنىنا كۆزلەرى جيتىپ ئۈيلەرىنە قايتالار - دا، ئازىق - تۈلىكلەرىنى خە-زىرلەپ غارغا قاراپ كيتەلەر. ئانىدا غيبادەت قىلالار. بىر ئىتلەرى بار ئىيدى، ئىيەرىپ يۈرە. كەغەپ خەزى-رەتلەر ئەيتە: ئەۋۋەلدە ئىتلەرى يوق ئىيدى. يول بو-يىندا بىر ئىت يولىغىپ ئىيەردى. ئىتنى قۇۋۋالار، لە-كىن ئىت قالمي، شولاي بىر نيچە مەرتەبە قۇۋسالار-دا ئىت قالمايدى. ئىيك ئاخىرىندا ئىت ئىيكى ئاياغى بىلەن تىك تۇرىپ دۇغا قىلغان كىشى كىبى ئالدى ئاياغىن كۆككە كۆتەرىپ تىلگە كيلىپ: «ميندەن قورق-ماڭىز، مين ئاللانىڭ دوسلارىنا مۇخەببەتىم بار، سىز-لەر يۇقلاغىزلار، مين سىزلەرنى ساقليمەن»، دييە. بەغزىلەر: بۇلار ئالتى كىشى ئيدى، تۈندە قاچىپ بارا ياتقاندا بىر قويچىغا ئۇچىرادى. قويچىنىڭ ئىتى بار ئيدى. قويچىدا بۇلارغا قوشلىپ غارغا كىرىپ غيبادەتكە كىرىشدىلەر، دييە. ئالار ئالتىن بىلەزىكلى زىننەتلەن-گەن، چەچلەرى ئۆرىلگەن ئيدى. بىر يىگىتنى تاماق ئەكيلەرگە قوشدىلار، ئيسمى يەمليغا ئيدى. ئۇل قۇقا-

رالارچا غاددي كيينىپ شەھەرگە بارا، ئاشارلىق نەر-
سەلەر ئالىپ قايتىپ، باشقا خەبەرلەرنى ئۇغىشىپ - سۈ-
راشتىرسا، پاددىشاھ بۇلارنى ئىزلەمەكتە ئىيكەنلىگىن
ئەيتە. بۇلار بيك قورقىپ خەسرەتلەنەلەر. بۇل چاقتا
كۈن باتۇۋغا ئاز قالغان ئىيكەن. ئۆز - ئارا سۆيلەشىپ
ئوتىرغاندا، خەق تەغەلە ئالارنىڭ قۇلاقلارىن تىڭلاۋ-
دان توقتاتىپ، يۇقىلارىن كيلترە. شول بويىنى-
چا غاردا يۇقلاپ قالالار. ئىت غارنىڭ ئاۋزىندا ئاياق-
لارىن سوزىپ، باشىن ئاياق ئۈستىنە قويىپ ياتا. ئا-
لارغا كيلگەن يۇقى، ئىتكەدە كيلە - دە ئولدا يۇقلاپ
قالا. پاددىشاھ بۇ كىشلەرنىڭ غاردا ئىيكەنگىندەن خە-
بەر تابىپ، ئالارنى تىرى ديپ ئويلاپ غارنىڭ ئاۋزىن
بيكىتتىردىپ، ئالارنى ئاچقا ئۆلسىنلەر دييە. خەق تە-
غەلە ئالارنى شول خەلدە قالدىرۋى بىلەن ئالارغا خۆر-
مەت ۋە باشقالارغا غيبرەت قىلغان. ئەرۋاخلەرىن
ئۇيقى ۋافاتى بىلەن ئۆتىردى. فەرىشتەلەر ئالارنى ئو-
غا، سولغا ئاۋدارىپ تەربىيە قىلىپ تۇرا. ئول پادى-
شاھنىڭ ئىلىندە ئىيكى مۇسلمان ئىيمانلارىن يەشىرىپ
يۇرۈچى ئىيكەن. ئەسخەب كەھف ئۇنتىلىپ ئىستەن چى-
غىپ كيتمەسىن ديپ، ئالارنىڭ نەسىل - نەسەپ ئىسمە-
لەرىن ۋە ئەھۋەللەرىن ئىيكى تاقتاغا يازىپ ساندىققا
سالىپ قويىپ قويا، بۇندان سوڭ كۆپ زامانلار ئۆتە، نيچە -
نيچە پاددىشاھلار كيلىپ كيتە. ئىيڭ ئاخىرىندا ئول شەھەرگە
بىندۇسىس ئىيسىملى بىر ياخشى كىشى پاددىشاھ بولىپ
68 يىل خۆكۈم سۆرە. لەكين ئانىڭ زامانىندا كىشلەر

گۆرۈھلارغا بۆلىنىشتى. بىر قانچالارى ئاللانىڭ بىرلىـ
گىلە، قىيامەتتە تىرىلىشكە ئىشانىسالار، قاي بىرلەرى
ئۇل سۆزلەرنى يالغان دىيىشىپ، ئىشانىماۋچىلار كۈنـ
دەن - كۈنگە كۆبەيىپ ئىماندىن ئازا باشلىلار.
تىرىكلىك قىسقاغىنا تىرىكلىك دۇنياسى، تىرىلىش روخقا-
غىنا بولا، جەسەدكە بولمي دىيەلەر. بىندۇسىس بۇ
ئەخۋەللەردەن كۆڭىلسىز بولىپ، ئاللاغا كىچە - كۈندىز
يالىنىپ خەقىقەتنىڭ ئاچىلىشىنى تىلي ئىكەن. ئاللا ئا-
نىڭ تىلەگىنى قابىل قىلىپ، ئەسخەف كەھف ۋەقىغەسىنى
بايان قىلىپ، قىيامەتنىڭ راسلىغىنى، تىرىلىشنىڭ خەقىـ
قەتىن كۆرسەتە. شول سەبەپلى ئىپسۇس ئاھالاسىنان
ئۇلياس ئىسملى كىشىنىڭ كۆڭلىنە ئاللا ئوي سالا. ئۇل
كىشى غارنىڭ بۇتەلگەن ئىشىگىن بۇزىپ ئاچا. بۇ چاـ
قتا ئاللانىڭ ئەمىرى بىلەن ئەسخەب كەھفنى يۇقىدان
ئويانىر شيكىللى گويا تۈندە يوقلارغا ياتىپ ئىرتەدە
ئويانىر كىبى كۆرەلەر يۈزلەرى ھەم باشقا ئەغزەلەردـ
نىدە ھيچ بىر ئۆزگەرىش بولماغان خەلدە ئوچىراتالار.
ئالار - دا يۇقلاغالى قانچا ۋاقىت ئۆتكەنىن بيلگىلي ئال-
ميلار. ھەم دەقيانۇسنىڭ قولىنا چۈشسە نيندي ئەـ
خۋەلدە قالىشلارىن خەۋەف قىلالار. ئەسخەبلەر يەملـ
يىخاغا سىن كىيىملەرىگىنى ئاۋشتىرىپ شەھەرگە بارىپ،
بىزگە ئاشارغا نەرسەلەر ئالغاچ ئاندا نيلەر سۆيلەنە با-
يقارسىڭ دىيەلەر. يەملىخا ماقۇل دىپ شەھەرگە كىتە.
شەھەرگە كىرىپ بايقاسا خالقىنىڭ مۇسلمان ئىكەنلىك
غەلەمەتلەرىن بىك كۆپ كۆرە. ئول غەجەبلەنىپ ئىك

ئاخىرغى شەھەر قاپقاسىنا قەدەر باردى. ئانداغى ئەخۋەل-لەردەن يەنە خەيرەن قالا. بۇ نىيندى غەجەپ ئىش، كىچەگى كۆندە مۇسلمانلار خەۋفتە غەيسانىڭ ئىسمىن يەشىرىپ سۆيلىيلەر ئىدى، بۈگىن ئىسە ئانىڭ ئىسمىن ئاتاپ قەسەم قىلالار، دىيپ، ئاخىرى بىر كىشىدەن بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى نىيچىك دىيپ سۈري. ئول كىشى: شەھەرىمىزنىڭ ئىسمى ئىفسۇس بۇلا، دىيپ جاۋاپ بىيرگەندە: يەملىخا يەنە خەيران بولا. كۆڭلىندە مىين ساتاشىپ قالغان ئوخشىيمىن، مىين ئىيندى هيچ كىم مىينى سىيزمەستەن، هيچ كىم مىڭا زارار ئىيتمەستەن بۇرۇن كىيتىپ قالىيم دىيگەن ئويغا كىيلىپ، كىيرەكلى نەرسەلەرنى ساتىپ ئالىۋ ئۆچىن بىر دۆكەنگە بارا ۋە كىسەسىندەن بىر تەنكە چىغارىپ ساتىۋچىغا بىيرە. ساتىۋچى ئول تەنكەنى ئالىپ بىر ئاز خەيران بولىپ، ئىيكىنچى سەۋدەگەرگە كۆرسەتە. شول بوييىنچە ئەلگى تەنكە قولدان - قولغا ئۆتىپ: بىر ۋاقىتتا بۇ كىشى كۆمۈلى خەزىنە تاپقان بولىرغا كىيرەك، دىيە باشلىيلار. يەملىخادە خەۋفلەنە: مۆمكىين بۇلار مىينى دە دەقيانۇسقا ئالىپ بارار، دىيپ ئويلاپ، ئالارغا: تەنكە سىزنىڭ بولىسىن، تاماقتا كىيرەك ئىيمەس، مىينى ئۆز ئىيركىمە جىيبەرىڭىز، دىيپ يالىنا. ئالار: ئىي يىگىت سىين نىيندي ئادامسىين؟ سىين خەزىنەنى قايدان تاپتىڭ؟ بىزنى شىيرىك قىلىپ بىر بۆلمىسىن بىيرمەسەڭ سىينى پاددشاهقا ئىيلتەرمىز. ئاندان يەشىرگەندە قولىڭدان كىيلمەس، دىيپ قىستي باشلىيلار. يەملىخا ئالار-غا ني دىيپ جاۋاپ بىيردىرگە بىلمي، ئاخىردا ئانى شەھەر

باشلىقلارىغا ئېلەتەلەر. شەھەر باشلىقلارى توغىرى كىـ
شىلەر ئېكەن. بىرسىنىڭ ئىسمى بۇس، يەنە بىرسىنىڭ
ئىسمى ئېستىـىيوس ئېكەن. باشـلىقلار تەنكەنى، ئانىڭ
سوغىلىۋىن، بىزەكلەرىن كۆرىپ خەيرەن بولىشىپ: ئەي
يىگىت! سىن تاپقان خەزىنە قايدا؟ دىپ سورىدى. يەمـ
لىيخا: مىين خەزىنە تاپمادىم، ئاتامدان قالغان ئاز ئاقـ
چام. بۇ تەنكە ئوشى شەھەرىدە سوغىلغان. لەكىن مىن ئۆـ
زىمدە خەيرەنمىن. مىن ئوشى شەھەرنىڭ كىشىسى. خەـ
زىر مىينى تانىغان يەكى مىين ئالارنى تانىرلىق بىر
كىشىنىدە ئۇچىراتمادىم، مىين تانىرلىق كىشى، يوق كىـ
بى، كىيچەگى كۈنىدە بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى دەقىيا-
نۇس ئېيدى. ئېيندى سىزلەرنى خاكىيم بولغانسىزلار،
دىيە. باشلىقلار: ئەي يىگىت! ئول دەقىيانۇسدەن
بىرى قانچا زامان ئۆتتى. قانچا پادىشاشلار كىيلىپ -
كىيتتى، ئەمما سىين يەپ - يەش بىر يىگىت تۇرساڭ؟
سىين توغىرى جاۋاپ بىير. ئەخۋەلىڭ سۆزىدە توغىرى
كىيلىسىن. دىيە. يەملىيخا: بىز بىر قانچا يىگىت ئېيدىك.
دەقىيانۇس كىشىلەرنى بۇتقا سەجدە قىلارغا زورلاغانـ
دا، بىز كىيچەگى كۈنىدە قاچىپ شەھەر سىرتىنداغى
بىتىخلوس تاۋىندا بىر غارغا كىرىپ يەشىرىندىك، باشقا
يولداشلارىم خەزىردە شول جىيردە. ئالار مىينى ئاشامىلىق
ئالىرغا جىبەردى. بىز خەققىندە دەقىيانۇس نى ئويلى،
شۇنى بىلەرگە كىيلگەن ئېيدىم، كىيلسەم ئەخۋەل باشقاچا.
ئۆزىمدە خەيرەنمىن. ئىشانماساڭىز مىين بىلەن بىرـ
گە غارغا بارىڭىزلار، يولداشلارىمنى كۆرەسىز، مىينىڭ

راس سۆيلەگەنمە كۆزدىكىلەر جيتەر، دييە.

ئيكى باشلىق ھەم باشقالار بۇ مەسىلەنى بىلىش ئۈچىن ئاتلى - جەيەۋ يولغا چىقالار. يەملىخا ئالارنى باشلاپ غارغا ياقىن ئەكيلە. غارداغىلاردا يەملىخانىڭ كيچىكمۆدىندەن خەۋەرلىنىپ، دەقيانۇسنىڭ قولىنا چۈشۈپ قالغاندىر ديپ ئويلانىپ، ئۆز - ئارا خوشلاشىپ باشلارىنا نيندى خەللەرنىڭ كيلىۋنەن قايغىرىپ نامازلارىنا كىرىشە. شول ۋاقىتتا يەملىخا كيلە. ئالار: سيڭا ني بولدى، نيگە مۇنچالىق كيچىكدىڭ، ديگەندە، يەملىخا بولغان ۋەقيغەلەرنى سۆيلەپ بيرە. ئىربوس ھەم ئىفسوس خالقلارى ئالارنى كۆردۈ ئۈچىن كيلىپ غارنىڭ تىشىندا كۈتىپ تۇرغانلىغىن ئەيتە. ديمەك بۇلاي ئۆزلەرىنە ئاچىق بولىپ ئۆتىلگەن خەللەر، خەق تەغەلەنىڭ ئايەتىن ۋە قۇدرەتىن تۈشەنەلەر. شونچالىق ۋاقىت يۇقىدا قالىپ ئويانىۋلارى، ئۆلگەندەن سوڭ تىرىلىۋىنىڭ خەقلىغىنە غەلەمەت، قييامەتنىڭ بارلىغىنا ئيسفات ئيكەنلىگىن بىلەلەر. ئاندان يەملىخانىڭ ئەيتىۋى بويىنچا ئىربوس ئەسخەب كەھفنىڭ ئيشىگىندەن كىرىپ، ئالارنىڭ ئەخۋەلى يازىلغان ئيكى تاقتانى ساندىقتان چىغارىپ ئوقىپ ھەممە ئىشدەن خەبەر تابالار، ئاللاغا ماقتاۋلار ئەيتىپ، ئۆلگەندەن سوڭ تىرىلىۋنىڭ ئانىقلىغىنا ئىشانالار. ئاندان غارداغىلارنىڭ قاشىنا كىرىپ سۆيلەشىپ، غارداغىلار بىلەن دەقيانۇسنىڭ ئاراسىندا بولغان ماجرالارنى ئيشتەلەر. ئىربوس پادىشاھى بىندۇسكە خەت يازىپ، ئەسخەب كەھفى ئەخۋەلىن بىلدىرە.

پادىشاھ خەتنى كۆرۈپ، ئاللاغا شۈكىرانە ئەيتىپ بىك قۇۋاندى. ياقىن كىشىلەرى بىلەن ئاتلانىپ غارداغىلار-نىڭ قاشىغا كېلە. ئالار ئۇتىرا، بىندۇس ئاياق باسىپ تۇرۇپ ئالارغا دۇغا قىلا. ئالاردا دۇغا قىلىپ، تىرى كىشلەر كۆز ئالدىندا يۇقغا كېتەلەر. پادىشاھ: بۇلارنىڭ ھەر بىرسىنە ئالتىندان تابىت ياساپ قويىلسىن، — دېيپ ئەمىر قىلا. پادىشاھ تۈشىندە ئالارنى كۆرە، ئالار پادى-شاھقا: بىز ئالتىن، كۈمۈشتەن يارالغان بەندەلەر تۇ-گۈل، تۇفىراقدان يارالدىق، يەنە تۇفىراق بولامىز، بىز غاردا تۇفىراق خەلىمىزدە قاليق. ئاللا بىزنى شول خەن-دە تىرىلدىرە، دېيەلەر. كىشىلەر ئالارنىڭ غارىندان سىرتقا چىققان سوڭ، ئاللا ئالارنى يەشىردى. ھىچ بىر كىشىنىڭ ئاندا كىرىرگە قۇدرەتى يېتمەدى. ئان-دان پادىشاھ غارنىڭ ئالدىنا بىر مەسجىت سالدىرىپ، كىشىلەرگە زىيارەت ئورنى بولىپ قالدى، دېيەلەر دېيپ ئەيتە.

## سۆزىمىزنى داۋام ئېيتەيىك

بەغزىلەر يەمەلىيخا ئويانىپ كېلگەن شەھەر لۇك-چىن دېسە، يەنە بەغىزلەر ئاستانا شەھەرى بولىرغا تىيىشلى، دېيەلەر. كۆبىرەك كىشىلەرنىڭ ئەيتمۇشىچە: «ئەكسەر ئەقۋال بۇگا دۇرۇ ئاللا ئەغلەم بىما ئەخفى ۋە ئەغلەن» مەغنەسى: ئاللا قايسىسى ئانىق، قايسىسى ئانىق ئېمەسلىگىن ئۆزى بىلە. بۇلار غاردە شەمسىيە

خىسابىندا ئۈچ يۈز يىل. قەمەرىيە خىسابىندا ئۈچ يۈز توغىزيىل يۇقلاغانلار. شەمسىيەيىلى بىلەن قەمەر- دىيەيىلىنىڭ فەرقى ئون بىر كۈن بولار. شەمسى يە يىلى ئۈچ يۈز ئاتمىش بىش كۈن، قەمەرىيە يىلى ئۈچ يۈز ئەللى دۆرت كۈن. بۇلاي بۇلغاندا شەمسىيە ئۈچ يۈز يىل، قەمەرىيە يىلىندا ئۈچ يۈز توغىز يىل، ئىكى ئاي، ئون توغىز كۈن بولا. شەمسىيە يىلىندا كۈنىنىڭ دۆرتتەن بىر ئۈلىشى، قەمەرىيە يىلىندا ئۈچ- دەن بىر ئۈلىش بار. تەفسىلى بىلەرگە تىلەۋچىلەر باشقا ماتېرىياللارغا قاراسا بۇلا. ياخشى تۈشىنىۋ: «ۋە لەبىيسۇئى في كەھفىھىم سەلاسە مىئەتىن سىنىينىنە ۋەزدادۇ تىسئەن» — مەغنەسى: ئالار ئۆز غارىندا ئۈچ يۈز توغىز يىل تۇردىلار. ئايەت كەرىمەنىڭ «تىسئەن» (توغىز) - دىگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنىندا، ئۈچ توغىز بار بۇنى قۇرئەنىنىڭ بەلەغەتى يەغنى سۆزىن تولىق كىلىشتىرىپ ئەيتكەنى دىيپ ساناغانلار، بىرسى يىلداغى توغىز ① ۋە بىرسى كۈندەگى توغىز، ۋە بىرسى ئايداغى توغىز، يەغني بىر ئاي ئوتىز ۋە بىر ئاي يى- گىرمە توغىز كۈن بولا.

## ئەلتەرسۇ

خەزرەتى جانابى «رەسۇل ئەكرەم ۋە نەبى مۇخـ

---

① يىلداغى توغىز - دىگەنى، ئۈچيۈز يىلدا ئارتقان توغىز يىلنى كۆرسەتە - ت.

تەرەم سەللەللا تەغەلە ئەلەيھى ۋە ئەسخابىھى ۋە سەللەم. خەزرەتلەرىنىڭ خىسى ۋە ئاقلى، مۆغجىزە لەردىن ساناپ بىتىرۇ قىيىن بولغانلىقتان ئاللا بىلە دېيىشۇگە توغرى كىلە. لەكىن پەيغەمبەرلىك ۋاقتىندا ئانىق مۆغجىزاتلارى سىزىلگەن، ئاشكارالانغانلارى بەغىزلەرىنىڭ ئەيتىشۇنچە خىسابى ئۈچ مىڭ بولىپ، ئۇشى مۆغجىزاتلارىندان زورلارى ئۇلۇغ قۇرئەن ۋە قۇرئەن كەرىمدە تەخمىينەن ئالتمىشمىڭ مۆغجىزات ئاقلىغا مەنسۇب دىيەلەر. مەسەلەن: بۇ خىسابتاغى مۆغجىزەلەردەن بىرى قۇرئەندەن ئىستىنابات ۋە خۆكۇم چىغاردۇنى بىلىشۇدەن، ئۈچ يۈز ئاتمىش تۈرلى فەن، ھەربىر فەندە نىچە يۈز - يۈز توملاغان كىتاب ۋە رىسالەلەر تۈزىلگەن ۋە يازىلغاندىر. غىلىم شۈندى بىر مۆغجىزەكى، ئادامىنىڭ ئەۋلادى ھەر تۈرلى قەۋملەرىنىڭ دين ۋە دۇنيانى باشقارىش ۋە داۋاملاشتۇرۇ ئۇسۇللارىنىڭ بارلىغى غىلىم ئارقلى بولغان. ئاللا بىر نيگىر قۇلنى ياكى بىر تىيىمىندا ئاقچاسى يوق فەقىيرنى غىلىم ئارقلى يوغارى دەرەجەگە جيتكىزىشۇدىندە چيك يوق. بىلىملى ئەھىل كىتاب ① نىڭ بەغىزلەرى قۇرئەننىڭ سۆزلەرى يەكى مەغنەسىندەن بىر كيمچىلىك تابىلسا، ئانىڭ بىلەن ئىسلام غۇلەمەلەردن

---

① ئەھىل كىتاب - زابۇر، تاۋرات، ئىنجىل كىتابلارنى ئوقوۋچى يەھۇدى، خىرىستيانلارنى ئەيتە - ت

جىڭىپ، ئىسلامغا ئىشانىۋچىلارنى ئىختىقادلاردىن كېيىرى تايدۇرام دېيىپ ئىشچانلىك بىلەن نىچچە يىللار قۇۋۋەتىن باغىشلاپ ۋە ئىجدىيھاتىن سارىق ئېتىپ تالا-شىرغا تاپقان سۆزلەرى، ئاللانىڭ ئىلھامى ۋە رەسۇلۇل-لانىڭ مۇجىزاتلارى بىلەن بىلىملى ئىسلام ئەھىللەرى تارەفىندان مەغلۇب ئېتىلىپ، بىردە جاۋاب بېرە ئالمى قانچالارى ئىمان ئەيتكەنلەر. شۇلاردان بىرى: جاناب غەلي كەرەمۇللا ۋەجىھە ۋە رازيئاللاغەنە خە-زرەتلەرىندەن بىر يەھۇدى ياكى ناسىرانى ① كيلىپ: «سىزلەرنىڭ كيتابلارىڭىزدا ② ئۈچ يۈز توغىز يىل، دېيىپ ئوقىيسىزلار. بىزنىڭ كيتابلارىمىزدا ئۈچ يۈز يىل دېر. ئەيتىڭىزچى، قۇرئەنىنىڭ سۆزلەرى ئەۋۋەلگى كيتابلارداغى ئىشلەرگە مۇۋافىق دېيەسىزمى، يەكى قارشى بولا دېيەسىزمى؟» دېگەنىندە، غەلي خەزرەتلەرى جاۋاب بېرىپ: «سىزنىڭ كيتابىڭىزداغى — ئۈچ يۈز يىل - شەمسيە يىلى خىسابىنچەدىر. قەمەرديە يىل خىسابىنچە — ئۈچ يۈز توغىز يىل بولار» - دىيە. خەزرەتى غەلي رازى ئاللا غەنە ئاپ - ئاچىق جاۋاپ بېرگەنىنە غەجەبلەنىپ: «ئەگەر مۇخەممەد سەلى ئاللا تەغەلى غەلەيە ۋەسەلەم خەق پەيغەمبەر بولماسا ئىيدى ئاليم ئانىڭ دينىنە كىرىپ ئاڭا ئىيەرمەس

---

① ناسىرانى - خىرىستىيان - ت

② بۇ جيردە قورئەندە يازىلغان ئەسخەب كەھفلەر-نىڭ ئايەتنى كۆزدە تۇتا - ت

ئيدى» ـ ديپ ئيمان ئەيتكەن. ئيمانغا كيلگەندەن كە-
يىن شولاي ئەيتكەن: «مۇنچە يىلدان كالام ئاللادان
كيمچىلىك ديپ تاپقانىم، ئۇشى توغىزيىل ئىدى. ئەھىل
كيتابدان قانچالارى، باشقالاردان ئۇستۇن بولغان
غۇلەمەلەر بىلەن بەھەسلەشىپ مەسئەلەلەرنى جىنى-
شكەلەپ تيكشەرىپ، شوبھەسىز بۇنىڭ بىلەن قۇرئەن-
نىڭ يولىن توسارمىن، ديپ كيلگەن ئيدىم، تيكشەرىپ
بىلدىمكي: بۇ قۇرئەن، تاۋراتنى موسا غەلەيھىسسەلەمگە
جىبەرگەن زاتنىڭ كالامىدۇركي، دۇسىنا چۇشۇرلگەندىر»
دييە. خۇسۇسەن بۇ جۇمىلەنىڭ مەغنەسىن تۇشىنەم
ديگەن كىشى سۇرەئى كەھفتەگى، ئەسھاب كەھفكە بارىپ
قاراسا، غارنىڭ بىر تارافى قيبىلاغا توغىرى كيلە،
خانقاسىندا ناماز ئوقىغانلار بىر ياغىملى خيسكە ئييە بولىپ،
كۆڭلىنىڭ قىزىغىۋلاردىن ئويلاغاندا، ئالارنىڭ كارامەت ۋە
خاسىيەتلەرىندەن خيسابلاۋغا بۇلا. بۇ ئوردىنىڭ كىشىلە-
رنى ئۆزىنە تارتىپ، كۆڭىلىن قىزدىقتىردۇى قۇرئەنىنىڭ مۇ-
غجيزەلەرى ئيكەنلىگىندە شيك يوق. لەكين ئول ئوردى-
نىڭ ياخشىلىغى يەنە شۇندىداكي. خەزىرەتى خۇداۋەن-
دە كەريم ئەسھەب كەھفنىڭ خەلىن، هيچ بىر پەي-
غەمبەرگە خەزىرەتى رەسۇل ئەكرەمگە ئەيتكەندەن ئار-
تىق تەفسيلي خەبەر قىلماغان. تەفسيلي ۋە ئانىغى قۇر-
ئەندەگىنەددىر: «فەلاتۇمار فيهىم ئىللامىرائەن زاھى-
رەن ۋەلاتە ستەفتى فىهىم مىنھۇم ئەھەدا» مەغنەسى:

ئالار ① تورىندا ناسىرالار بىلەن فەقەت ئاددىيغىنا بەھەسلەش بۇ توردىندا بەھەس قىلىۋچىلارنى تەستىقدە قىلمى، يالغانغادا چىغارمي تۇرغان دەرەجەدە سۆيلەش. ئالارنىڭ ھيچ بىرىندەن ئەسغابۇلكەھف قىسسىنى سۇرا- ما، ديپ، قۇرئەنىدە «ۋەلەتەستەفتى» ئايەت بىلەن بيك تيكشەرىپ كيتۇنى چيكلەپ، رۇخسەت قىلماغان.

يوغاردە بىر سۆزدە ئەسخەب كەھف سيگىز كىشى ئيدى دييىلە. بۇ ئەيتىلىۋدە: ئىچلەرىندەگى ئىت ديپ ئات قويىلغان بىرسى، غار ئيشىگىندە ئوتىرىپ ئالارنى كۆزەتكەنلىكتەن، ئيشىكدە تۇردۇىندان خايۋان ئاتالغان ديپ، خەيەتۇلخەيۋاندا ئۇشىلاي بۇراغاندىر.

ئەسخەب كەھفنىڭ غارغا كىردۇلەرىنىڭ سەبەبىندە ئىختىلافلار كۆپ بولىپ، ئەخۋەللەرى بەغزىدە ئا- قىلغا مۇۋافيق ۋە بەغزلەرى بىربىرىنە يالغانىپ ئوخ- شاش بولىب قالغان. بارلىغىن يازۇ ئيمكانيەتى قى- يىن بولغانلىقدان تەرجىمەئي تەبىيانىنان بىر ئيكى قيسسە ۋە تەرجىمەئي خەيەتۇلخەيۋاندان بىر ئيكى خيكايە يازماغىم بىلەن قانائەتلەندىم. ئيلك ئۆزىن بايانلارنى تەفسير ۋە تاريخلارغا مۇراجيغەت ئەيلەپ، ئيندى بۇ ۋەقيغەغە سەبەبچى ۋە باشلاۋچى بولغان زورلىقچى ۋە زاليم دەقىيانۇس كىم ئيكەنلىگىن يازارغا كيرەك بولا. ئانىڭ خەلىن بايان قىلىۋغا كىرىشىپ ۋە ئىشنى ئاشكارە خۆكۆم ئيتەيىن. تاكي ئادەملەر بىلسىن-

---

① ئەسخابۇلكەھف توردىندا ئەيتە - ت

لەركي ئالـلا تابارەك ۋە تەغەلە زولجالال ۋە لائىكرام خەزدرەتلەرى بەغزى ئىنسانغا دەۋلەت، دۇنيا بيرسە «ۋە لەۋ بەسەتەللا هۇررز قەلىغىبادىھى لەمغۇ فىلئەرزى» مەغـ نەسى: ئەگەر ئاللا بەنـدەلەرىنىڭ ريزقىن كيڭ قىلسا، ئالار ئەلبەتتە جير يۈزىندە فىتنە تيرىر ئيدى، لەكـ ين تىلەگەن نەرسەنى ئۆلـچەم بـىلەن تۈشـىرە. ئاللا خەقيقەتەن بەندەلەرنىڭ خەلىنەن تۈلىق خەبەردار هەم كۆرىپ تۇرىدۇچـىدىر» بۇ قەددـمكى شيغىرنىڭ تاقەززاـ سىچە بۇرىنغى خەلـلەرىن ئۇنتىپ بۇزىقلىق، ئازغىنلىق سەبەبـىدەن مەڭـگى خەلـەك بۇلا، ئەبەتـدەن ـ ئەبەتكە بـىتمەيدىغان قايـغى ـ خورلـىقتا قالىپ، جەهەننەمـگە كيتىۋ بەلەسىنە دۇچار بولا. دەقـيانۇسـنىڭ خەلـىن سۈيلەگەنـدەگى مەخسەت ئاقىل ئـيپەلەرىن غەفلەتدەن قۇتىلدىرۇ، ئەسخەب كەھـفنىڭ خەلـىن كۆڭـىل قويىپ ئۇيـلانىپ ئـشلەۋچـىلەرنى قىزىقتىرىۋدىر. بۇ ئورىـندا تۇرۇچىلار ئاللانىڭ بىرلىگىنە بولغان نييەت، ئىغتىقادـ لارنىڭ قەددـرلى بولـىۋى، كۆڭـىللەرى ساپ، ئىخلاسـ لارى خالىس بولغانلـغىندان بۇ مەرتەبەگە ئيرىـشىپ، تا بۇ ۋاقىتقاچەيـىن بارلىق ميلـلەت ئالارنى دۇغا بىـ لەن يادلاماقـتادـىر. ئالار بۇ مەرتـەبەنى يامان يوللار بىلەن ياكي جاپا چيگـىۋلەرى بـىلەن تابقان تۈگـىل، فەقەت دينلەرىن ساقلاۋ ئۈچىن بىر ئيكى فەرسەخ ①

---

① فەرسەخ ـ مۇسافا ئۆلـچەمى ـ بىر فەرساخ 6·24 كـ يلومـيـتىر كيلەدى.

جيرگە سەفەر قىلغانلىقىدىن، ئاللانىڭ خىكمەتى بىلەن «مەن فەررەلىد ينۇھۇمىن ئەرزۇ ئىلەلئەرز ۋە ئىنىكانە شىبرە مىنەل ئەرز ئىستەۋجە بەلجەننەتە» مەغنەسى: پەيغەمبەرىمىز: «بىر كىشى دىينىنى ساقلاۋ ئۈچىن، بىر جيردەن ئىكىنچى جيرگە كۆچسە، ئول كىشى جەننەتلى بولا» دىگەن پەيغەمبەرىمىزنىڭ سۆزلەرى بىلەن تەستيقلاغاندىر. خۇسۇسەن يارالغان زامانداغى ئاز غەمەل، كىيىنچەلىك زامانداغى كۆپ غەمەلگە بارابەر بولار: «مىن تەمەسەكە سۇننەتى غىندە فىسسادى ئۇممەتى خەلەھۇ ئەجىرۇن مەئەتە شەھىدا» مەغنەسى: «ئۇممەتلەرىم چۇشكۇنلەشكەندە مىنىم سۇننەتلەرىمنى تاشلاماغانلارنىڭ ئەجىرى. يۈز شەھىدە ساۋابىنا بەرابەر» دىگەن خەديس شەرىف بۇغان شاھىدىر.

زالىم، جەبىر قىلىۋچى دەقيانۇس مەرخەمەتسىز خاياتىدە بيك مەغرۇر ۋە تەكەببىر بولىپ، بيك كۆپ بۇزۇقلىق قىلىپ، ئاخىرىندا جەبىرلەۋچى بۇزۇقلىق ئىييەسى گۆردە قالدىمى، سىرتتا قالدىمى ئىت ئاشادىمى، قۇش ئاشادىمى؟ مەغلۇم ئىمەس. بۇ خورلىققا قالىۋچى مەڭگىلىك لەغنەتكە گىرىفتار بولدى. ئاقىلى بارلار ئۈچىن بۇ ئىككى خەلىنىڭ نەتىجەسىندە خۇدا دىگەننەن ئارتىق هيچ ياقشىلىق يوق ئىكەنلىگى تۇشۇنىشلى.

(دەسىيوس)، (تىقسيانوس) مەشھۇر ئىسمى (دەقيانۇس دۇر) ئەسلى بابىلدين ياكى يۇناندين بەني ئىسرايىلدىن ئىمىش. ئەۋلادەگى ئەخۋەلى هيچ نەر-

سەسىز بىيك فەقىير بولىپ، كىملەرگە ياللانسادا ماڭـ
لايىنا يازىلغانى قويچىلىق ئاڭا خاس بولىپ، قوي باـ
غىشۇغا دەتىنە ئايلانغان. سۆيۈكلى يۈزلى، ئۇستا سۆزلى،
قەدىرلى يىگىت ئىدى، يەشى قىرقىقە جىيتكەنچە غۇمىـ
رى قويچىلىقتا ئۆتىپ، بىر كۈن غىيبادەتىندە خۇداغا
يالىنىپ: «ئەي بار خۇدايا! يەشىم قىرقىقا جىيتدى، يەنە
مۇنچە غۇمىرىم بارمى - يوقمى، هامان بەندەلەر خىزـ
مەتىندەمىن. مىيغان دەۋلەت بىرسەڭ دۇنيانىڭ رەخەـ
تىن كۆرسەم» دىيە. ئۇل تىنچ كۆڭىل ۋە بارلىق خىيـ
سىم بىلەن غىيبادەت قىلايىن - دىمەدى. ياتىب يۇقـ
لاپ تۇشىندە بىر خەبەرچى ئاڭا دىيە: «دۇنياداغى دەۋـ
لەتنى تىلەسەڭ سىڭا بىردىلە، ئەخىرەت رەخەتىن سۇراـ
ساڭ، ئۇشى خەلىڭ سىڭا كىيفايە ئىيتەر، قايسىسىن ئىـ
ختىيار قىلاسىڭ؟ ئۆزىڭ بىل» دىگەندە، ئويانىپ ئۇزىن
فىكىر قىلىپ، قايغىرغانىنان كەيىن، كۆڭلى دۇنـ
يالىغىنا قىزغىپ، دىيە: «ئەگەر مىنىم ئەخيرەتلىك تىـ
لەگىمە تىيك كىيلەتىن دۇنيا بىرسەڭ، مىنى پادىشاهـ
لىق دەرەجەسىنە جىيتكىز» دىيەدە يەنە ياتىپ يوقلى.
خەبەرچى يەنە تۇشىندە كۆرىنىپ ئەيتە: «ئەي ئادام
سىنى ئىختىيارلى قىلدىق. ئەخيرەتنى سوراساڭ ئىـ
يدى، سىڭا دۇنيالىقنى هەم ئەخيرەتلىك بىرىلە
ئىدى، بىلمەي قالدىڭ. ئالداندىڭ. بار! دۇنيالىقدان
هەر تىلەگەنىڭ بولسا بىرلدى» - دىيدىدە كىيتدى. بۇ
بىچارە ئويانىدى. ئەخيرەتى ئۈچىن هىچبىر قايغىرمادى:
«بۇ دۇنيالىق مىڭا قايدان ئىيرشەر ۋە قاچان ئىلەگەر.

دېپ قايغىرىدىغا تۇشىدى» ئۇزاقدان تاڭ ئاتتى. غەدەـ
تەنچە قويىلاردىن ۋاقتىندا چۇپىلىككە ئاپارىپ باغىسپ
تۇرغاندا كۆردىكي، بىر قوي چۇقىرغا تۇشكەنمىش، تىـ
نچىسىزلىق بىلەن تىپىرلاپ چىقالماي ياتقان ئىكەن
بارىپ قويىنى چىقاردى. بۇني تىيشىك ئىكەن دېپ قاـ
راپ، بىر تاشنى كۆرىپ قولىنا ئالدى، خەت يازىلغان
ئىكەن. دىققەتي بىلەن ئوقىپ كۆرگەن بولسادا بىلـ
مەدى. تاشنى ئالىپ شەھەرگە كېلىپ، هەر كىمگە كۆرـ
سەتسەدە نەتىجە چىقارالمادىلار. ياقىن شەھەردە بىر
مەشھۇر غالىم بار ئىدى. تاشنى ئالىپ بارىپ ئاڭا
ئۇزاتدى. ئول هەم خۇكۇم چىقارالمادى: «لەكين دېدى:
مىسىردا بىر مۇسا شەيخ باردىر. هەر ۋىلايەتدە بىر
غاجايىب نەرسە تابىلسا، ئاڭا ئالىب بارساڭ بۇ تاشنىڭ
خەتىن يەنە ئول چىقارار» - دېدى.
دەقيانۇس بۇ سۆز بىلەن مىسىرغا كېتدى، بارىپ
جېتىدى، مەزكۇر مۇسا پىرنى ئىزلەپ تابىدى. يولىغىپ
تاشنى قولىنە بېردى. شەيىخ خەتنى ئوقىپ دەقيانۇسنىڭ
يۈزىنە قاراپ غەجەبلەنىپ تىڭلىپ ئويغا باتىپ قالدى.
دەقيانۇس ئانىڭ تىكلىپ قاراۋىنىڭ خىكمەتىنى سورادى
شەيىخ ئەيتتى: «بۇ تاشدا يازىلغانى، تاشنىڭ چىققان
جېرىندەن قىرىق خەتۋ جېردە توفىراقغا كۆمىلگەن
خەزينە بار. بۇ خەزينەنى كىم ئەخىرەتلىگىنەن كېچىپ
دۇنيا تەلەب قىلسا، ئانىڭ قولىنا تۇشەر. دۇنيادا هەر
قانداي تىلەگى بولسا جېتەر، ئاخىرقى نەتىجەسىن ئاللا
بىلە دېيىلگەن. سېن بولساڭ بىر كۆركەم سۆزگە ئۇستا.

ناتيق ئادام ئـيكەنـسـىلك. بۇ خەزىنىنە قولىغا كىرگەچـىتە دۇنيا تىلەگىنىنە ئېرىشكەنىنەن كەيىن ئاخىرى ئاخىرەتىنىڭ نى بولاچاقىنى ئويلاپ كيتتىـم»— ديـدى. ئول يەنە: «چۈنكى ئول خەزىنە كۆمىلگەن جيـرنىڭ ئـىچىنـدە بىر بۇت بار. ئاڭا سەجدە قىلماغانچە ئۇ كۆمىلگەن خەزىـنىـ قولىغا كىرمـي، بولماسا سيخىرلى تىلسىمغا قويۇلـغـان ساقلاۋچىلار ھالەك قىلار ئيمىش ديدى.

دەقيانۇس ئەيتتى: «ئاخىرەت دۇنيا بىلەن تابىلار مـين ئايرۇنى بىلمەيتىن ئاقىلسىز تۇغىلمىن. دەۋلەتكە مەغرۇر بۇلىپ ئاخىرەتلىگىمنى يوغالتامما؟! بەلكى شۈكۈر ئاناسىن ئورىنلاپ، خۇداغا غيبادەت قىلارمىن ۋە ئۆتكۈزـ گەن خاتا ئىشلەرمە تەۋبە قىلىپ ئۆكىنەرمـىن. خـۇدا كيچىردۈچى ۋە رەخيم دىر»— ديدى.

شەيىخ قايتا ـ قايتا ئەيتىپ: «خەتنىڭ نەتىجەسى: بۇ مالغا ئاخىرەتلىگـىندەن كـيچىپ، دۇنـيا تىـلـەگـەن بەندە ئيرشەر، ئيمىش. مين سينى ئاز كۈن دۇنـيانىڭ رەخەتى ئۈچۈن، ئەخىرەتىنىڭ مەڭگى رەخەتىندەن ئاير- دىلىۋدىڭنى لايىق كۆرمەدىم. ئاز كۈن رەخەتىڭ، مەڭگەـ لىك ئازابقا قالدىرا ئيكەنلىگىن ئويلانىپ كۆر، بۇ ئازغىنا رەخەت بىلەن ئۆزۈڭنى ھالەك قـىلـما» ديگەندەي كـۆپ نەسخەتلەر قىلدى.

دەقيانۇسنىڭ نەفسى ـ ئارزۇسى غالىپ كيلىپ، شەـ يىخنىڭ سۆزىن تىڭلامي، كۆمىلگەن خەزىنەنى ئالـۋغـا قىزىقىپ كـيتتى، ۋە يەنە بىر ئەيـتىلگەن سۆزدە، ئەلگى شەيىخنىڭدا ئاچكۆزلىك تامىرلارى خەرەكەتكـە كـيـلـىپ

دەقيانۇس بىلەن بىرگە بارىپ، كۆمۈلگەن خەزىنىنى ئالغان سوقۇنان دەقيانۇس ئانى ئۆلتۈرگەن ئىمىش دېيىلەر. سۆزنىڭ قىسقاسى: دەقيانۇس ئەلگى ئورنىغا كېلىپ شەيخنىڭ ئەيتكەنىدەي قىرىق خەۋلە جىرنى قازىپ. ئاندا، خىسابىسىز ئالتىن ـ كۈمۈش ۋە جەۋھەر بولىپ، ئانىڭ ئىچىدە بىر ئالتىن بۇتنى كۆرۈپ ئاڭا سەجدە قىلىپ، ساقلاۋچىلارنى ئۆزىنە رام قىلمىشدىر. بۇتنىڭ كۆزلەرىنە قويۇلغان تاشلار بىلىك قىيمەتلى بولىپ، شول خەزىنەگە بەرەبەر ئىمىش. بارچەسىن ئالىپ، ھىچكىمگە خاجەتى تۈشمەيتىن بولغانلىقدان بۇتنى ساقلاب قوزغاماي، بۇزماي شول بويىنچا قويغانمىش. بۇ ئارادە شايتان ئانىڭ ئۆزىنە ئاللانىڭ قارغىشى بولسىن، ئاڭا يولۇقىپ، ئاقىل بويىنچا ياخشى نەسخەتلەر قىلىپ، ياخشى كۆرىنگەن بۇتنى قەدىرلەۋنى بۇيۇرىپ: «سىڭا بۇ دەۋلەتنى بېرگەن ئولدىر»— دېيە يوغارغى قىسسە بويىنچە، ئول مالدان دەقيانۇس ئۆزىنە كېرەگىنچە ئالىپ، قالغانىن ئاندا قويىپ، نازىك، نىچكە نەرسەلەرنى كېرەگىنچە ئالىپ تۇردى. نىچە يىللار ئول شەھەردە ئىستىقامەت قىلىپ، سەۋدەگەرلەر ئىچىندە مەشھۇر بولدى ۋە تانىلدى. خىساپسىز بۇ خەزىنەنى بارلىغىن ئالىب تۈگەتىپ، بۇتنى دا بىرگە ئالىب، ساۋدا بىلەن فارىس مەملەكەتىنە كېلدى، ئاندا پايدا مەنفەغەت كۆپ بولغانلىغى ئۈچىن نىچە يىللار تۇرىپ قالدى. فارىس مەملەكەتىنىڭ ياردەمىنە ئىيە بولدى ھەمدە

ياردەمچىلەر بىلەن ئۆيرەنىشىپ ياقىنلىق خاسىل قىلدى. بۇلار دەقيانۇسنى ئۆز شاھىنە مەغلۇم قىلىپ ھېچ نەرسەگە مۇختاج ئېمەس، كيسكىن، سۆزگە چيچەن، ئاقىل فاراسەتتە دەۋلەتكە ۋەزىرلىككە مۇۋافيق ياخشى ۋە تالانتلىق ديپ، ئارتىدىرىپ ماقتيلار. پادىشاھ دەقيانۇسنى كۆرمەكنى ئىستەپ چاقىرتقاندا، دەقيانۇس خەدددەن ئارتىق ياسانىپ - بيزەنىپ بارىپ كۆرىشە. پاتىشاھ بۇگا ئارتىقچە مەخەببەت كۆرسەتە. شول ۋاقىتتا رۇم پادىشاھى بىلەن بۇلارنىڭ ئاراسىنە بىر ئاداۋەت ۋە سۇۋۇقلىق تۇشۇپ، زور سوغىش بولىۋى ئانىق ئيدى. دەقيانۇسنىڭ ئەسلى رۇملىق بولغانلىغىندان فارىسلارنىڭ خوجاسى. بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى ئاڭا تاپشىرۇ بىلەن كۆپ غەسكەرگە سەردار قىلىپ ئانى رۇمغە جىبەرە. فارىس غەسكەرلەرى كيلگەنلىگىن ئيشىتىپ، رۇم پادىشاھى يەنە خيساپسىز غەسكەر بىلەن قارشى چىغىپ، مەيداندىغى سوغىشدا رۇم غەسكەرى جيڭىلىپ قاچا، پادىشاھى غەسكەرگە تۇشۇپ ئۆلتىرىلە. دەقيانۇس ئانىڭ فايتەختىن ئالىپ، رۇمغا پادىشاھ بۇلا. سوڭىندان فارىس شاھىنا خەت جىبەرىپ: «دۇشمانىڭىزدان ئۇشلاي ئۆچ ئالىپ فايتەختىن ئالدىم. ئيندى مەسليخەت بىلاي، مين مۇندا تۇرارمىن، شەھەردە كىزدەكى مال - مۇلكىمنى ۋە ئەسبابلەرىمنى ۋە ھەممەسىندەن ئارتىق مەخسۇس خۇجىرەمدەگى مينىم بۇتىم بار. ئانى ئەزدزلەب ۋە بيك خۇرمەتلەب ميڭا جىبەرۇۋىڭىزنى ئۇميت ئيتەم. مينىم دەۋلەتىم ۋە بۇ مەرتەبەم ئۇلۇغ دەرەجەم بۇتۇنىسى ئول بۇتنىڭ ياردەمى»،

دىگەنلەر شىكىللى كۆپ سۆزلەرنى يازغان. خەت فارس
شاھىنا جىتكەچ ئۇل ئاچچۇلانىپ: «مىنىم بەختىمنى
ئۆزىنە ۋە ياردەممنى بۇتىنا بەيلەشتىرىپ، بۇ دەرەجە-
لەرگە جىتكىزگەن ياخشىلىغىمنى ئۇنىتقان. بۇلاي بول-
غاندا ئىختىيمال. بىر كۇن مىگادا قەست قىلارلىق قۇۋۋەت
تابۇدان بۇردىن ھەرەكەت قىلماق كىرەك» دىيىپ دەرخەل
غەسكەر تۇپلاپ دەقىيانۇسقا قارشى ئاتلانغان. بۇ تارافتا
دەقىيانۇس شاھنىڭ كىلەياتقان خەبەرىنى ئىشتىپ غە-
سكەر بىلەن قارشى چىققان شاھنىڭ خاتا ئۇيى بۇ ئىدى:
«دەقىيانۇسنىڭ غەسكەرى بولسا، ئۆز غەسكەرىمدىر. بار
غانىمدا بارچاسى مىغان كىلەر. رۇمنىڭ غەسكەرى بولسا
دەقىيانۇس ياقىنداغىنا بارغانلىقدان. ئالارغا ئەلگە قەدەر
پايدا - زىيانى ئۆتمەگەن، كۆڭىللەرى يەنەدە مىگا تار-
تار»— دىيىپ ئاتلانغان ئىدى. ۋاخەلەنكى) «ئەل ئىنسان
غەبىدۇل ئىخسان»، مەغەنەسى: «ئادام بالاسى غەمخۇرلىق
قىلىۋچىغا بويسۇنا» دىگەندەي. دەقىيانۇسنىڭ بۆلەكلەر
ۋە ساخاۋەتلەرى نەتىيجەسىندە ئىكى تارافنىڭ ئۇلۇغلارى
بىر نىيەتتە دەقىيانۇسنىڭ خىزمەتىندە بولدى. دەقىيا-
نۇسنىڭ غەسكەرلەرى چىدامىلى بولىپ، ئاخىرى شاھنىڭ
غەسكەرلەرى جىڭىلىپ، ئۆزى غەسىرگە تۈشتى. دەقىيا-
نۇس ئانى ئۆلتىرىپ ئۆزى رومغە ۋە فارىسقا پادىشاھ-
بولىپ، بارلىق غەسكەرلەرى بىلەن شاھنىڭ فايتەختىنە
كىلىپ مەشھۇر بۇتىنى ئالىپ، ئەۋۋەلگى غادەتىنچە ئاڭا
تابىنىپ ۋە بارلىق خالىقنى ئاڭا تابىنۇغا بۇيرىق تۈش-
ىردى. ئانىڭ خۆكۈمىندە بولغان بارلىق كىشىلەر بۇتقا

سەجدە قىلدىلار. سۈكىندان ماۋىرە ئۈننەھىرى ۋە تۇر-
كىستان غەربىندە ۋە ئاندان تۈركىستاننىڭ شەرقىنە ئۆتىپ
بۇتىنى بىرگە ئالىب يۈرۈپ، ھەر بىر كىيلگەن شەھەرنىڭ
خالقىن شۇل بۇتىغا تابىندىردى. ئەگەر ئاھ ئۇرىب تابىن
ماسا ئوتقا كۆيدىردى ياكى كرىست تاقتايغا چىگەلەب
قوردىتار ۋە يوللار بويىنا ئاسىپ قويار ئىدى. ئوشىلاي
قىلىپ شەھەردەن - شەھەرگە كىيزىپ، تۇرفان ۋىلايەتىنە
كىيلىپ ئانىدا باغىندىردى. ئاتىرافلارغا ئادامىلاررىن ۋە
جاسوسلارىن جىبەرىپ: «قايىسى جىيردە شەھەر ۋە خالىق
بارلىغىن كۆرىب ۋە بىلىپ، مىڭا خەبەر بىيرەرسىزلەر»—
دىيدى. ئادامىلارى ئاتىرافىداغى بىيش كۈن، ئون كۈنلىك
يىراق جىيرلەردەن ئادام ۋە شەھەرلەر تابالماي قايتىپ
كىيلگەنلەر. ئالارنىڭ ئەيتۇلەرىنچە ئۇل ۋاقىتتا تورفان-
نىڭ شەرقى ۋە شىمال تارافىندا بىر ئايلىق، بەلكي ئاندا-
ندا ئارتىق ئارالىقتا شەھەرچە ۋە قارا تۇسلى نەرسەدەن
ھىيچ نەرسە يوق ئىيكەن. ئادامىلارى قايتىپ كىيلگەننەن
كەيىن ياقىن جىيردە خالىق يوقلىغىن بىلگەنسوڭ، چىن
مەمىلەكەتىنە باردان قورقا ياكي ئانى يىراق بىلىپ،
ھىيچدە بىر خەلى قالمي. ئۇل بىردەن ئەسلى مەملەكەت-
ىنە قايتىۋنى ئويلي، ئانىڭ ئەسلى كىيلگەن جىيرى يە-
غىني تۇرفان ۋىلايەتىنىڭ بارىپ توقتالاتىن چىگى بول-
غان ئاستانانىڭ جىيرىنىڭ مۇنبەتلىگى ئاغار سۇۋىنىڭ
كۆپلىگى، ھاۋاسىنىڭ مۆكەممەللىگى ۋە فايتەخت بولىۋ-
غا بىيگرەكتە لايىق ئىيكەنلىگىن ئويلاپ ئاڭا قايتا. ئۇل
جىيردە مىقتى قورغان ۋە چىدامىلىق بىينالار سالىپ،

ئۈچ يىلدان ئارتىق ئاندا تۇرىب، بارلىق خالىقنى ئەلگى بۇتقا تابىنۇغا مەجبۇرلەپ، خالىق ئاگا سەجدە قىلار ۋاقىتتا، ئۆزىدە بۇتى بىلەن بىرگە ئوتىرغانلىقتان ئانىڭ بۇتىنا سەجدە قىلامى، ياكي ئۆزىنەدە سەجدە قىلامى دىيپ ئىختىلاف قىلىشقانلار. بەغىزلەر بۇتغا سەجدە قىلارغا ئەمير قىلدى دىيسە، بەغىزلەر ئۆزىنەدە سەجدە قىلارغا مەجبۇرلەدى دىييىشىپ، شوغان كۆرە ئاللالىق دەغۋەسى قىلدى دىييەلەر. الفياز بالله (ئاللا ساقلاسىن) ئىكى خەلىنىڭ قايىسىسى بولسادا بىردىسى - بىرسىندەن ئەشەددي ۋە بىردىن - بىري يامانىدىر. ئوشى ۋاقىتتا ئەسخاب كەھف ۋەقيغەسى بولىپ ئالار غارغا كىرگەنلەردىر، دىيگەن قيىسسە بۇنىنان ئىلىك يازىلدى. دەقيانۇس غار- نىڭ ئاۋزىن بيكىتكەن سوۋ بىر يىل يەنە شەھەردە تۇرىب كەيىن فايتەختىنە قايتىپ، يولدا ھەلەك بولمىشدىر. بارلىق غۇمىرى ئالتمىش ئالتى يىل بولىپ، ئون ئالتى يىل پادىشاھلىق قىلمىشدىر خيكا- يەچىنىڭ بۇ خەبەري خەزىردە پولات شەيخىنىڭ قولىنداغى تەزكيرەنىڭ بەغزى مەزمۇنىنا ياقىن كيلەدى مىراتدە: «دەقيانۇسنىڭ پادىشاھلىغى ئالتى يىل بولىپ پايتەختى تارسوس ئيدى» دييىلگەن. ئۆزىنەن كەيىن ئەۋلەدى قالىپ پاتشاھ بولغانلىغى تاريخلاردا كۆرىنمىيدىر يازغانىمىزداي دەقيانۇسنىڭ لايىق كۆرگەن ئورنىدا سال- غان قورغانى خەزىرگى ئاستانەدا. بيك مىقتى چىدامىلى بولغانلىغىدان. ئوشى زامانغا چەيىن قايىبىر جيىرلەري يىغىلماي تۇرغان ۋە يەنە شەھەرنىڭ ئورتاسىندا بىر

زور مۇنارا بار ئاڭا تىيزدىن ① ۋە تورا ② دېيىلەر، بۇ، دەقىيانۇسنىڭ دىۋان خاناسى دىر. ئۈچ قاباتى خەزىردە بار. ئاندان يوغاردىسى بولسا خاراب بولغان، قالغان جىرى تەخمىنەن ئوتىز گەزچە بەلكى ئارتىغراق بولار. هەر قاباتتا كۆرىنىپ تۇرغان بۆلمەلەرى، ئىكى ياقتا ئون ئىكى بۆلمەدەن غىبارەت بولىپ تاۋ ئۆڭگۈرى شىكللى ئويۇپ ياسالغان سۈرەت بىلەن تەمسىللەر ئىنغادەلەنگەن. كۆن باتىشى ياغى قۇلاپ كىيتكەن، تۆبەسىنە ئۈشى تەرەفدەن چىغارلار. ئاستانا خەلقى ئۆلكەن - كىچىسى بارلىغى باش باهار نۆرۈزدا ئانىڭ ئۈستىنە چىغىپ سەيلگاخلارنى تاماشا قىلالار، ئاڭا چىققاندا ئاستانا قەلەسى ئالاقاندا تۇرغانداي كۆرىنە ئول ئاترافداغى شەهەرلەرنىڭ بارلىغى كۆرنە دىيەرگەدە مۇمكىين. بۇ تىيزدىننىڭ قۇرلىشى خەيرەن قالارلىق ياسالغان. ئەۋۋەل توفىراقنى تاۋ قىلىپ ئۇيۇپ قاتتى تۇيۇپ، سوڭىندان ئىچىن ئويىپ، تاۋداغى غار شەكلىندە ئۆي قىلا، ئۆزىنە كۆرە ئوخشاتىپ مۇناسىپ ياسامىشدىر.

تۇيۇقنىڭ سۆۋى بۇلسا ئەسخاب كەهفنىڭ يىلغاسىدىر. بۇ سۆۋنىڭ بويىنىڭ ئىكى ياغىنداغى تاۋدا بىر يارىم فەرسەخ جىرگەچە بولغان تاۋلارنى ئويىپ ئۆيلەر يا-

①تىيزدىن - سولتان سارايى دىمەكتۇر. فارىسچە ئارك، روسچە. دىۋارىس دىيلەر - ئافتور

②تورا - هەر بىر ئۆزۈن ۋە ئىيك بىيىك نەرسەلەرنىڭ ئىيسمىدىر. مۇنارا كىبى - ئافتور

ساغان. بىر ئىشكدەن كىرگەندە ئىچىندە نىچچە بۆلمەگە كىرگەلى بۇلا. بۇنداي ئۆيلەردەن ئۈچ يۈز چاماسىندا ئۆينى سانادىم. ئىچكى ئىشكدەن ئاخىرىنا قەدەر سۈرەتلەر خەزىر سىزىلغانداي بىزەلىپ ئىشلەنگەن. لەكىن كۆبىرەگى خاراپ بولغان. تاۋنىڭ ئۈستىندەرەك بولغانى ئۆز بويىنچا تۇرغان، ئاڭا چىقماق بىلەن قىيىندىر.

يولداشىم خاجى ئىسماغىل ئەفەندى بىلەن بىر يول تابىپ چىقماق ۋە سەيەخەت قىلىۋنى ئارزۇ قىلىب، تۆۋەندەن قاراغانىمىزدا ئۇڭايغىنا بىر يول كۆرىنىپ، ئاتلارىمىزنى ئۈچىنچى يولداشىمىز فەيزراخمانغا بېرىپ جەيەۋ يۈرۈپ كيتدىك. بارار يولىمىزدا بىر تاشقا يولقىدىق. ئاڭا چىغامىن دىب ئاسىلىپ قالىپ، ئاندان ئۆتىۋ مۈمكىن بولماغانلىقدان قايتىپ تۈشۈۋ يەنە قيىين بولدى. ئەرەن-ئەرەندە ئاندان تۈشتىك بارار يولىمىز سىل ئاققان ساي ئىكەن، سوڭىندان ئىكىنچى يولدان ئۈستىنە چىقدىق. ئىچى سۈرەت بىلەن تولغان، بۇتخانە بولغان غەلەمەتلەردە بار. قايسى تۈردەگى بولسا بولسىن. بىرەر يازۇ بولارمى دىيپ، كۆپ تيكشەرىپ ئىزلەدىم، سۈرەتلەردەن باشقا هيچ نەرسە كۆرىنمەدى. لەكىن بىر ئۆيدە: «بىسمىللە ئىرراخمان ئىررخىم» (مەغنەسى: بيك شەفقەتلى ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئيسمى بىلەن باشلايمىن) دىيپ يازىلغان بىر يازۇغا غەجەبلەندىم. سوڭغى ۋاقىتلاردا يازىلغانلىغى ئيسمە كيلدى. چۈنكي بارلىق ياغى سۈرەت بىلەن تولغان تۇرسا، بىسمىللەنىڭ ئاندا ني مۈناسىبەتى ۋە بىرگە تۇردۇى بار؟ كەينىلەردە مۇسىلمان-

لار يازغانلىق ئىختىماللىغا ياقىندىر، لەكىن بۇ باشقاچە ئۇرنىنىڭ ئىسكى ئەسەر ئەتىقە ئىكەنلىگى مۇلاخىزە ئىتىلگەن غەلەمەتلەردەن بىلگىلى. شولايوق قايىبىر جىرلەردە چىقىب تۇرغان كىرپىچلەرى، ياقىن زامانىنىڭ ئادەملەرى كۆتەرمەككە ئاجىزلىك قىلا تۇرغان، ئۇلكەن ئاسىل كىرپىچلەردىر. ئۇچىنچى غار بىيىكلىكتە، تاۋنىڭ باشىندا قالىپ، سۇنىڭ تۆبەندە يىراقدا بولغانلىغى، ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەنلىكتەن سۇ جىرنى ئىيزىب، توفراق - تاشلارنى، سايىنى ئاغىزىپ تىرەنلەتكەندىر. ئىنسان ھەر ئىشىدە قولاي ۋە ئوڭايلىقنى ياراتىۋى تەبىغي ئىكەن، فايداسىز مەشەقەتنى ئۆزى جىگۇ بىلەن، سۇغا يىراق ئۆيلەر ياساماسلار ئىدى. سۇنىڭ يىراقلىغى زامانلارنىڭ ئۇزاقلىغىنا دەلىل بولالاتىن خەلدىر.

تاۋلارنى ئويىپ ئۆي ياساۋ، غارلاردا فەقىر تۇرۇۋ: «ۋەتەنختۇنە مىنەلجىبالىبىيۇتا» (يەغنى: ئالار تاۋلارنى ئويىپ ئۆي ياساب تۇرالار ئىدى) دىگەن ئايەتنى قاراغاندا: بىيك ئاشغۇچى سالىخ غەلەيھىسسالەمنىڭ سەمۇد قەۋمىنىڭ بىيگرەكتە ناچار غەدەتلەرىنىڭ كۆرنىشدىر. ئازلارنىڭ ئورنىلارى مەدىنەئي مونەۋۋەر بىلەن دەمەشىق شام ئاراسىندا ئىكەنلىگى تەفسىرلەر ۋە تارىخلاردا يازدىلغان بولىپ، بۇ غارلارنىڭ ئىچكى كۆرنىشلەرى ئەگەرچە ھاد ۋە سەمۇد قەۋملەرىنىكىندەي تۆگىل بولسادا، ھاد ۋە سەمۇدنىڭ غادەتلەرىنە ئوخشابىراق كىتەدى ھەم ئول غەسىرنىڭ ۋە ئاڭا ياقىن غەسىرنىڭ خالقى بولغانلىغىن

بىلدىرە، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەسىر ئىختىيارى بىلەن قىزغىنلىقى ۋە تەقلىتچىلىكى ئالىقىدۇر،
لەكىن خالىق ئاۋزىدىدا تۆبەندەگى سۆزلەر بار: «ئەسھاب كەھفنى دەقيانۇسدان قاچىپ غارغا كىرىدىپ ئالغاچ، ئالارنى تۇتۇ ئۈچىن كىرەرگە غارنىڭ قورقىنچىلى بولغانلىقىدان چۆچىپ، جۈرئەت قىلالماغانلار. شونلىقدان ئۆزلەرى چىققاندا تۇتۇ ئۈچىن گۈزەتچى ئەسكەر قويىلغانمىش. تاۋداغى غارلار شول كۆزەتچى ئەسكەرلەرنىڭ ياتاتىن ئورىنلاردىر دېيەلەر. ئالار بىر قەرىن يەغنى ئوتىز يىل ياكى ئارتىقراق كۆزەتىپ ياتقانلار» دېيەلەر
بۇ سۆزلەر خاتا ئىكەنلىگى غىلىم ئىدارەك ئىيەلەرى ئالدىدا بۇتۇنلەي ئىشانىشسىز ئەفسانە بولىب قالا. ئاقىل ئىيەلەرىنە ماقۇل بولماسلىقى ئانىق كۆرىنىپ تۇرا.
دەقيانۇسنىڭ پادىشاھلىقى ئون دۆرت يىل ياكى ئون ئالتى يىل دىگەن سۆز بار. لەكىن گۈزەتۈچىلەرنىڭ ئەيتۇنىچە دەقيانۇسنىڭ پادىشاھلىقى ئالتى يىلغىنا دي بىر نەرسەنى گۈزەتىپ، «بۈگۈن چىقارمى؟ ئىرتەگە چىقارمى؟ دىپ، ساقلاب تۇرۇ ئۈچىن تاۋلارنى ئويىپ ئۈيلەر ياساب، ئانى زينەتلەب بۇ قەدەر كۆركەم كۆرىنىشلى قىلماسلار ئىدى. گۈزەتچى بولغانلاردا دۆرت تارافىنىڭ ئۈچ ياغىن بوش تاشلاپ فەقەت بىر تارافىن بىر ياكى ئىكى فەرسەخ جىردەكى غارلارغا كىرىپ ياتىپ، يوقلاپ كۆزەتمەس ئىدى. ھەرقانداي ئىش قىلسا، غارنىڭ ئالدىدا ئىشلەنىر ئىدى، بىر تارافىن گۈزەتكەندە ئىكىنچى ياغىندان چىقىب كىتۈنى ئويلا-

ماسمى. بۇ غارلارنىڭ قورلىشىنا دىققەت قىلىپ قاراغان-
دا، قۇرۇقچىلار ئۇل جېيردەن تېيز ئارادا كېيتىشۇ
ئۇچىن ئېيمەس، بەلكي ئەۋلەتتەن - ئەۋلەتىنە قالىشۇ فى-
كىيرىندە ياساغانلار. ئۇل تائىفادادىلار مەنسۇخ ①
مەزھەپتە فاني ② غالەمگە ئېيختىقاتلى ئادام بالالارى
ئەۋلەتلەرى مەڭگە شول جېيردە قالىشۇ فىكىيرىندە ئى-
شلەگەنلەر. نىيچە ۋە نىيچە يۈز يىللار ئاندا تۇرغا نلار.
ئىختىيارلارى بىلەن ئېيمەس، ئاللانىڭ ئىرادەسى بى-
لەن باشقا ياقىقا كېيتكەنلەر. ئاستانا سۇۋىنىڭ يوغار
باشىندادا، ھەم باشقا تاۋلاردادا شۇل شېيكىللى غارلار
بارلىغىن، تاملارىندا سۈرەتلەر بارلىغىن ئەيتەلەر،
ئالارندا ئەسخاب - كەھفنى كۆزەتىشچىلەرنىڭ ئورنى
دىيسەك بولارمى؟ قاندي بولسادا، شول زامانادا ئا-
داملار تاۋلاردا ئورناشىپ تۇرۇ غادەتلەرى بولىپ، شە-
ھەرلەرىندەدە شۇندي ئوڭگۆرلەرى بولغان ئېيدى.
ئاللا بىلىۋچىدىر، ئۈزىنىڭ ئېيك قەدىمىدەن بار
بولغان غىيلمى بىلەن بىلگىچىدىر.
بۇ ئۆيلەر ۋە غارلار ئېيسلامىيەتتەن بۇرۇن ئۆت-
كەن خىيكايەچىلەرنىڭ سۆزلەردىن تەسدىقلەپ دۇرۇسكە
چىغارارلىق ئەسخاب كەھف ئەكىيەتىنىڭ نىيگىزى بولغان.
«مۇرئاتۇلكائىنات» دا مىيرخوندىنىڭ تارىيخى-

① مەنسوخ - مەنيىخ قىلىنغان مەزھەپلەر - ت
② فاني بۇ دۇنيا - ت
③ باقي - ئۇ دۇنيا - ت

دىن نەقىل ئالىپ ئەيتە: بۇلار يەغنى ئەسخاب كەھف،
يونان ۋىلايەتىندە خەزىردە تارسوس ئاتالغان ئەفسوس
شەھەرىندەن ئىدى دىگەنى، كىشىلەر بىلە تۇرغان رۇ-
مداغى تارسوس ئىمەسلىگىن كۆرسەتە. چۈنكى يونان
قاي جيردەلىگى جۇغرافىيەلەردە ھەممەگە بيلگىلى.
ئادامىلارنىڭ ياۋىزى دەقيانۇس رۇمدان ياكى بابىلدان
دىگەنى قاي جير؟ فايتەختى تارسۇس دىگەندەدە شۇب-
ھە بار. شۇنلىقدان ئول فىكىرلەرنى رەت قىلىش بىلەن
مۇقىملاشتىرۇ قييىن. يەنە ھەر بىر بارغان شەھەر خا-
لىقىن بۇتقا چۇقىنىرغا زورلى. كۆنمەگەنلەرنى ئۆلتىرە،
جەبىرلى ئاخىردا ئەفسوس شەھەرىنە كيلدى، دىپ يا-
زىۋلارى ۋە تەرجىمەئى ئەبياندا: «دەقيانۇس ئەفسوس
شەھەرىنە كيلگەندە ئەسخابلەر شۇندا ئىدى» دىگەن
سۆزى، «خەيەتۇلغايۋان» دا: «ئەسخاب كەھفلەر تۇر-
فان شەھەرگە كيلدى» دىگەن سۆزلەرنىڭ بارلىغى دە-
قيانۇس ئۆزى تۇرغان جيردەن چىقىپ باشقا شە-
ھەرگە كيلگە نلىگىن، شول جيردە شوندي قىلىقلار قى-
لغانلىغىن كۆرسەتە. يەنە دەقيانۇسنىڭ چەچلەرى
ئۆرۈلى، ئالتىن بىلەزىكلەر سالغان ئىدى، دىگەن سۆز-
گە قاراغاندا، بۇ ئىلىنىڭ بۇرۇنغى قاغىدەلەرىندە ئىر
كىشىلەر چەچلەرىن ئۆرۈ ۋە بىلەزىك بىلەن ئۆزلەرىن
زىنەتلەب يۇرۇ غەدەتى بولغانلىغىن بىلدىرە. بۇ ئە-
يىسكى غەدەتلەرنى ئىسلام يوغالتقان بىلەن كافىر-
لاردا ساقلانىپ قالغان. مەسەلەن: خىتايلاردا ئۇزۇن
چەچ قويۇپ ئۆرۈ، بىلەزىك سالىۋ بار ئىش. بۇلاي

بولغاندا زامانىمىزداغى بەغزلەر: «ئەسخەب كەھف رۇمداغى تارسوستا ئۆتكەن تۇرسا ۋە دەقيانۇسنىڭ پايتەختى ئىدى» دىگەنلەرنىڭ ئەساسى يوق. ئوقىغان كىتابلاردىن تەتقىق قىلىپ كۆرمەستەن جىگىلتەكلىك بىلەن چىقارغان خۇكۇم، خۇلاسالاردىر. كىتابلارداغى سۆزلەر بىر بىرىنە ئوخشاۋ ياكي ئوخشاماسلىقلارى بار ئىش.

بۇ ئورنىنى زىيارەت قىلىۋ فارىز ياكى ۋاجىپ بولماسادا، ئاللا قاشىندا قابىل قىلىنغان ياخشى كىشىلەرگە مۇخەببەت يۈزىدەن بارىپ زىيارەت قىلسا ئاللا بۇيۇرسا ساۋاپسىز بولماس. ياخشى ئىش نەتىجەسىز قالمىي، بارغانلار ساۋاب تاپقان كىبى ئول ئەۋلىيەلەرگە كىشىلەرنى قىزىقتىرىۋچىلاردا ياخشىلىققا دەلالەت قىلىۋدا خەيىرلى ئىشدەن سانالا دىگەن سۆز بويىنچە ئول ئورنىنى زىيارەت قىلىۋچىلارنىڭ ساۋابى بىلەن بەرا بەر ساۋاپقا ئىيە بولا دىگەننى ماقۇل كۆرۈدە دۇرۇس. چۈنكي زىيارەت قىلىۋغا سەبەب بولغانلىقتان تىش، تەشۋىق - تەرغىب ئارقىلى ئۇلارنىڭ ياخشى سيفاتلارىن سۆيلەۋنىڭ ئۆزىدە بىر ياخشىلىقدىر. زىيارەت قىلىۋچىلار بىلگىلى جىيردە ئەدەپ بىلەن ئاتتان تۈشۈۋ. جەيەۋ بارىپ تاھارەت ئالىپ، ئۈزدىن پاكلاماق كىيرەكدىر. زىيارەت ئورنى مەسجىت بولغانلىقدان مەسجىتكە تاھارەتسىز كىرۈ مەكرۇھ دىيىلە. غار ئۆزى بىيىكتە بولىپ، ئالدى بىلەن تۆبەنگى قۇلۇبلانغان بۆلمەنىڭ شىمالي قۇتۇپ ياغىنداغى دۆرت

ئىشكىلى گۈمبەزگە باردى. بۇ گۈمبەزنى زىيارەت قى-
لۇچىلار دىيم ئالۇ ئۈچىن ھىجرىيە بىر مىڭ ئىكى
يۈز يىگىرمە بىرىنچى يىلى فەرىدۇن ۋاڭ ياساتقان،
پەشتاقىدا بۇلاي يازىلغان:

«بىئىسىم سۇبھا نەھۇلىلئا لەمىن. فەرىدۇن بى-
كلىك ئىبنى ئەمىن خوجە ۋاڭ بىكلىك رەخمەتۇللا ئە-
لەيھ خەزىرەتى ئەسخابۇلكەھف تاب مەرقەدھۇمىنىڭ
رازىلىغلىرىنى ئىستەپ زاۋزەئى رىزۋان ئاسار تەجىرى
مىن تەختەھەلئەنھەرلە بەرىزۇ مەزمۇنىدىن سەر شار
نەھىر كۈنبىدا خانقا بازىخ ۋە بەقىخ ۋە مەسجىد جا-
مئە ۋە ۋەسىخ بىنا قىلىپ ۋە يەنە ئول ئەمىر رەۋ-
شەن زامىر ئىختىقادى غۇرۇجىدىن قۇربەت بىلەن
قەبۇلىيەتى ئەرجۇمەننى كۆزلەپ غار فەلەك ئىقتىدار
ۋە مەزار مەلەك ئىستىزار دەرگاھىدا غەينى شەۋق-
دىن تىرە بولغان زايىرلەر كۆزلەرىني قىتمىر ھىدايەت
تەخمىر پايگاھى تۇفراغى تۇتىيالارى بىرلە مۇنەۋۋەر
قىلىشداغى ئارامگاھلەرى ئۈچۈن گۈنبەز رەفىخ ۋە كۆبى-
رۆكى بەدىئى تەئەمىر ئەيلەدى.

فىي تارىخە: زەھىي خۇجەستە ئەمىرىكى ساخىت ئە-
ينەتە ئەمىر،

رەسىد رايەزد فەيياز بى تەقسىر.
كەسىي تەنزىيە تارىخى مەقام كۆنەد،
زەۋەجىد غار بەر ئايەد جۇفتاب مۇنىر.

مەغنەسى:

بارچە غالەمنىڭ ياراتىۋچىسىنىڭ ئىسمى بىلەن

باشلايمىن. فەرىدۇن بىكلىك ئەمىيىن خوجە ۋاڭ بىـ
كلىكىنىڭ ئوغلى ئاللا ئاگا رەخمەت قىلسىن. ئەسخاب
كەھف ئەۋلىيىالەرىنىڭ رىزالىقىن ئىزلىب قىبىر ياساب
ئەسەر قالدىرىپ، ئاستىدان سۇلار ئاقىپ تۇرغان كۆز-
نەكلى خانقاھ، مەسجىد جامەھ كۆركەم بىنا سالدىردى.
نىيەتى ۋە ئىيختىقادى ئانىق ئەمىردىمىز ئالارغا ياقىن
بولىش ۋە ئالارنىڭ قابىل ئالىۋلاردىن كۆزلەپ غارنى
كۆرۈۋگە تاۋاپ قىلىۋغا قىزىقىقان زىيارەتچىلەرنىڭ كۆز-
لەردىن قىتمىرنىڭ باشلاۋى ۋە ئاياق ئىزلەرنىڭ توپىـ
راغى بىلەن كۆكىلەردىن نۇرلاندىرۇۋدا ديم ئالىۋلارى
ئۇچىن يەنە بىر زور گۇمبەز كۆركەم كۆپىر ياساتتى.

بۇ غيمارەتنى دانىشمەن ئەمىرمىز ياساتتى.
بىيك غەيىبى كىيمچىلىگى يوق كۆركەم بولدى.
قاچان ياسالغانىن بىلمەكچى بولغان كىشى،
غارغا يازىلغان شيغىرنىڭ ئاخىرقى سۆزىندە چىغا
(ئەسلى شىيغىردا ئاخىرقى قۇرىنىڭ ئەۋۋەلگى ئىكى
سۆزىندەن ئەبجەد خىسابى بىلەن خىسابلاساچىغا)
ئەبجەد خيسابى بويىنچە هيجىريە 1220 - يىل.

بۇ گۇمبەزنىڭ قاشىنداغى ئىيشىكنىڭ يۇزاغىن
شەيخلەر ئاچىب، ئاندان يوغارغا چىغاچاق، ئىيشكدەگى
يۇزاقنى ئاچىپ رەشەتكە ئىچى بىلەن يوغارغا چىغا.
غارنىڭ ئىيشگىندەگى گۇمبەزدە بىيكلەۋلى. ئىيشكنى ئاچـ
قاچ ئىيشككە توغرى تۇرىپ سەلەم بيرىلە. گۇمبەزنىڭ
ئىچى ئاسىل پەردە. چىمىلدىقلار بىلەن بيزەلگەن. تاما-
لارى ئايەت، خەديسلەر بىلەن تولدىرىپ خەتلەر يازى-

لغان. غارنىڭ ئىشىگىنىڭ نەفس پەردە ئاسىلغان، ئاتىرافىدا «ئەم خەسبتە» ئايەتى كۆركەم يازۇ بىلەن قىيسەنىڭ ئاخىرى ئون سىگىزىنچى ئايەتكە قەدەر يازىلغان. پەردەنى كۆتەرىپ قۇيغان سوڭ، قۇرئەن ئوقىلىپ ساۋابى شول پاك ئەرۋاخلارغا باغىشلانغاندان كەين، شەيىخ غارنىڭ ئاۋزىنداغى رەشەتكەنى خۇرمەتلەب باشى بىلەن ئاچىپ قىتمىرنى زىيارەت قىلدىرا. ئانىڭ پەردەسىن يۈزىنە سۈرتۈ غەدەت بولغان. زىيارەت قىلىۋچىلار ئۆز چاپانلارىنا قاراپ قىتمىرگە ياپىق يابالار. قىتمىرنىڭ ئىچكى ياغىندا قويىچىنىڭ تاياغى دىيەلەر، تولى ئۈچ زاغ شەرغى (ئۈچ بىلەك ئۇزۇنلىق بىر قىڭغىر - قىيشىق ئىسكىرگەن، يۇۋانلىغى بىر تۇتام ئاغاچ تاياغى بار. ئاندا زىيارەت قىلىپ يۈزىنە سۈرتكەندەن كەين، ئاتاغان سەدەقەلەرنى شەيىخكە بىرەرلەر.

گۇمبەز ئىچىندەگى يازۇلار شوندي بىر غەرايىپ فورمادا يازىلغانلىقدان ئوقىپ چىقىۋ بىك قىين بولىب، ئۈچ كۈن تىرشىپ ئىشىك باشىنداغى ئالتىن يازۇنى ئوقىدىم:

«ئەۋلىيائى تەختى قۇبائي لايەغلە مۇھۇم غەيرى» دىپ يازىلغان. مەغنەسى: «ئەۋلىيەنىڭ گۇمبەزىنىڭ ئاستىن باشقا كىشىلەر بىلمي» - دىگەن بولا. ئاسلىنداغى خەديس: «لايەغرە فۇھۇ» مەغنەسى «تانىماسلار» ئاڭا ئوخشاتىبىراق يازىلغان. شولاي ئوقىرغادا مۇمكىن. بۇ خەديسنى رىۋايەت قىلىۋچىلاردا ئىختىلاف بولغان بولسا، شولاي يازغاندىر دىسەكتە بولا. ئاندان

چىقىپ غارغا كىرۈدە ئوڭ قول ياغىدا بىر بۆلمە بار. بۇنى: «قەدەم جاي چاھارىيار» مەغنەسى: «چاھارىيارلار ① ئاياق باسقان جىر» دىگەن بولا، ئاندا زىيارەت قىلىنا. سول ياقتا بىر كىچكەنە گۈمبەز بولىپ، «قەدەم جاي ئافاق» دىلەر. ئاڭادا زىيارەت قىلالار. بالىغىنا قۇرئەن ئوقىپ ساۋابى ئەرۋاخلارىنا باغىشلانا.

بۇ تەرتىپ بىلەن زىيارەت قىلىۇ تۇرسىندا كىتابلاردا مەخسۇس رىۋايەتلەر يوق. لەكىن مۆمىنىنىڭ ئەدەپلى بولىۋى ئاللا قاشىندادا كۆركەملىك، دىگەندەي، ئەدەپ ياخشى ئەخلاقىنىڭ ئىيلك بىسىمگى، ئۈلى ياكي تىركلەر بولسىن ئەدەپلى - ئەخلاقلى بولغان كىشىلەرنى بارلىق ئىنسان ماقتىيلار.

يوغاردا ئەيتىلگەندەي، ئىسلامدان بۇرۇن بۇ غارنىڭ كافىرلار بۇتخاناسى بولغانلىغى، غارنىڭ خەزىرگى خۇرمەتىنە زارار جىتكىزمي، بەلكي غىيرەت بار. بىر كىشى ئىخلاس بىلەن ئاللانى بىلسە، ئاللا ئاڭا كافىردان‌دا خىزمەتچىلەر بىرە. ئانىڭ قەدرىنى يوغالتماس، ئىسىملەرىن ئاۋىزلارىندان چۇشۇرمەس: «فەزكۇرۇنى ئۇزكرەكۇم» مەغنەسى: «سىزلەرگە ئەيتىلىپ كىلگەن سۆزلەرنى ئەيتەمىن» بۇغان دەليل، تارىخدان بىرلى بۇ جىرلەردە كۆپ سۇغىشلار، ئاۋشۇلار بولغان.

---

① چاھار يارلار - مۇخەممەد غەلەيھىسسەلەمنىڭ دوستلارى ۋە ئول ۋافات بولغاندان كەيىن خەلىفە بولغانلار، ئالار ئەبۇ بەكىر، غۇمەر، غۇسمان، غەلي لەر بولا - ت

لەكين ئيسلام زامانى بولسىن ياكي كۇففار زامانى بول-
سىن، بۇ غارنىڭ خۇرمەت - غيزەتىنە ھېچ كيمچىلىك
كيلمەگەن. بارلىغى خۇرمەتلەگەنلىكلەرى غارنىڭ دەر-
جەسىنىڭ غەليلىغىنىڭ دەليل ئيسفاتى. باشقا كافير
بۇتخاناسى بولىپ سوكىندان مەسجىد بولغان ئورنىلار
كۆپ، شۇلاردان بىرى بۇخارا شەرىفتەگى مەسجىد مۇ-
فاك، ئەۋۋەلدە جۆھۇدلارنىڭ غيبادەت خاناسى ئيدى،
خەزىر مەسجىد مۇبارەكدىر. ھەر ئيرتە نامازدا خەزى-
رەتى خىزىر غەلەيھىسسەلەم ئاندا خەزىر بولا - ديپ
ريۋايەت ئيتەلەر. ئىستانبولدا ئاياسوفىيە ئەۋۋەلدە
ناسارالارنىڭ چىركاۋى ئيكەن. سۇلتان مۇخەممەد فات-
يخ ئىستانبولنى ئالغاندا، سۇرەت ۋە بۇتلارنى چى-
غارتىپ جۆمغە نامازىن شۇندا ئوقىغان. خەزىرەتى خى-
زىر غەلەيھىسسەلەم بارماغى بىلەن ميخرابىن ئەيلەن-
دىرىپ قيبلەسىن تۇرلاپ بيرگەنمىش. خەزىر بارماغى-
نىڭ ئورنى ئول مەسجىددە زيارەت ئورنىدىر. «كەئى-
بەئى مەئەزەمە شەرەفەللاھۇ تەغەلى ئىلە يومىلقىيا-
مەت» مەغنەسى: «ئۇلۇغ مەككەنى ئاللا تەغەلە قيا-
مەتكە چاقلى شەرەفتلى ئوردىن قىلدى» ئول ئورنىدا
ئيسلامىدان بۇرىن نى خەلدە بولغانلىغى تاريخچىلارغا
يەشىرىن ئيمەس. ئانىڭ قەدىر - قىممەتى ئاللا قاشى-
ندا جير بىلەن كۆك ئاراسىنداغى مۇسىلمانلارغا ھەم-
مەدەن بۈيۈك بولا تۇرۇپتا بۇگا ييكىلەشتىمەك ئۈچى-
نگىنە بىر - ئيكى مىسال كيلتىردىم. ئوقۇچىلارغا ك-
يفايە قىلار.

## لۈكچىن ئاتىرافى خەقىندە

ئەسـخەب كەھف قەلەسىندەن شەھەرى ئوتىز يول يىراقلىقتا. مۇسـىلمانلارغا خاكىيم بولىۇچى ۋاڭ بۇرۇن- دان بىيرلى شول شەھەردە تۇرۇپ كىيلگەنلەر. خەزىرگى مەخمۇد ۋاڭدا ئانـدا تۇرا. بۇرۇنغى ۋاڭلاردان قالغان ئىيسكى قورغان، ئىيسكچە غىيمارەتلەر قايىسى بىرى تۇر- غان، قاي بىرلەرى خەزىرگە قەدەر تۇرالار. شەھەرنىڭ كۆلەمىندە جىيـتمىش ئىيكى مەسـجىد بار. مەخەلەلەرى كۆبى قىرىق، ئىيللى ئۆي، ئورتاچالارى يىگىرمە بىيش - ئوتىزغىنا ئۆيدەن. بەغىزلەرى جـيدى - سـيكىز ئۆيگىنە بەغزىلەرى يۈز ئۆيگە ياقىن بولغان بىر شەھەرچە يۇرت.

خەزىرەتى خوجە سەغيد ۋەقـقاس ۋە مۇخفىيل تـ ىير ئانداز ① خەزىـرەتـىدە ئوشى شەھەردە كۆمـىلگەن بولىپ، قەبـىرى زىيارەت ئورنى بولا. رەخـمەتوللا غەـ لەيھـىما (ئاللانىڭ رەخمەتى ئىيكەۋىنە بولسىن) ئالارنىڭ يانلارىندا مەسجىد، جامەغەلەرى بولىپ، ئاتىرافى خۇجـ رەلەر بىلەن تولغان. مەخـسۇس بىيلگىلەنـگەن شەيخـ لەرى بار. ئانـلارنىڭ ئىيسىم ۋە نەسەبـلەرىن يازىۇغا، ۋەقفە مۆلكلەرىن بىلىۇگە فۇرسەت بولمادى. بۇ ئىيكى زات كىملەر دىيسەك) سەغيد ۋاققاس ساخابە، مۇخـفىل تىير ئانداز تابىـغىن ② ياكى تەبـىخ تابـىغىن ③ لار.

① تىير ئانداز - ئوق ئاتار - ت
② تابىغىن - ساخابەلەرگە ئىيەرىۇچـىلەر - ت
③ تەبىخ تابىغىن - تابىغىنلەرگە ئىيەرىۇچـىلەر - ت

بۇلارنىڭ ھەر ئۆيكەۋى چىن - ماچىنىڭە ئىلچىلىككە كە-
يىلگەنلەر. بىرسى باراردا يەنە بىرسى قايتاردا نەق
ئۇشى جىيردە ئەجەللەرى جىيتىپ ئۆلگەنلەر» دىيپ جاۋاپ
بىيردىشتى. قايتالاپ سوراددىم ساخابە ۋە تابىئىنلاردا
سەئىيد ئىيسىملى كىشىلەر بىيك كۆپ، ئالارنىڭ ئاتا-
بابالارى كىمگە تاقالا. ئەگەر تارىخلارداغى مەشھۇر
سەئىيد ۋاققاس دىيسەڭىزلەر ئول سەئىيد بىيننى ئەبى
ۋەققاس بول كىشى غەشەرەئىي مۇبەششىيرە لەردەن ①
سەئىيد ۋەققاس ئۇشى ئون كىشىنىڭ ئىيك ئاخىرىندا
ۋافات بولغان دىيدىم. ئالاردا: «شولاي! شول سەئىي-
دنىڭ دەل ئۆزى» دىيدىلەر: - بۇلارنىڭ تەزكىيرەسى ياكي
ئەۋەلدەن يازىلىپ كىيلگەن بىرەر فاكىت بولارلىق كە-
يىتابلارى بارمى، دىيپ سوراسام: «ئاندي بىر نەرسە
يوق، ئىيشتىۋلەردىمىزگە قاراغاندا شولاي»، دىيپ جاۋاپ
بىيردىشدىلەر. خەزرەتي سەئىيد بىيننى ئەبى ۋەققاس
رازى ئاللا تەغەلە غەنھۇنىڭ ئۆتمىشى ۋافات بولغان،
كۆمىلگەن ئورىنلارى تارىخدان خەبەرى بار كىشلەرگە
بىيش بارماق كىبى بىيلگىلى ئىيندى. ئىيختىيمال ئالار-
نىڭ ئاياق ئىزى بولىۋ مۇمكىن. چۈنكى خاسىيەتلى
كىشىلەرنىڭ كىيلگەن ياكى ئاياق باسقان ئورنىلارىنا

① غەشەرەئىي مۇبەششىيرە - پەيغەمبەرىمىز ئۆزى ھەم باشقىلار
تىرى ۋاقتىندا سىزلەر جەننەتكە كىرەسىزلەر، دىيپ خەبەر
بىيرلگەن كىشىلەر - ت

ئول زامانىدا گۈمبەز ياساپ قەبىر شىكىللىك بىشىك سى-
ماق نەرسە ياساۋ بار غادەت ئىدى. خەزىرەتى ئافغاق-
نىڭ ئاياق باسقان جىيرىنە شولاي قىلغانىلار. ۋە خەزى-
رەتى غەلي ۋە خەزىرتى ئۈۋەيسۇلقەرانى رازى ئاللا
تەغەلە غەنھۇمالارنىڭ جىيدى جىيرىدە ئاياق باسقان ئور-
نى بار. شۇ سەبەبىدەن ئوشلاي قەبىر قاتىرغانلار ۋە
ياكى سەغىيد ئىسىملى ئىككىنچى بىر زات غالي سىفاتلى
بولۇب، غەۋام خالىققە نەسىخەت، ۋەغىزلەر سۆيلەپ ئۈ-
گىتلەسە، ئانى مەشھۇر سەغىيد ۋەقىقاسقا ئارالاشتىرىپ
ئالىۋلاردا ئىختىيمالدان يىراق ئىمەس. دەشىت خو-
تەندە ئىمام جەغفەر سانى (ئىككىنچى جەغفەر) دىگەن
بىر مازارنى ئاۋشتىرىپ، ئىمام جەغفەر سادىق دىيەلەر.
ئەمما ئىمام جەغفەر سادىق غەلەيە رەخمەتۇلغەفۇر،
ئىمام خۇسەيىن رازى ئاللا غەنھونىڭ ئۈچىنچى ئەۋ-
لەتى بولىپ، ھىجىرىدىيە بىر يۈز قىرىق سىيگىزىنچى
يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋافات بولغان، بەقىغەدە كۆمە-
گەنلىگىن ھەممە كىشى بىلەلەر. ئادەملار ئانى (خوتەن-
دەگىنى) ئىككىنچى سادىق دىيەلەر.
مۇخىۇل تىبىرانداز خەزىرەتلەرى ئەسلى ئىسمى
مۇخىۇل بولىپ، تىر ئانداز دىگەن سۆز ئوق ئاتىۋغا
ئۇستا دىگەن مەغنەدە. تىر ئانداز ئانىڭ مىرگەنلىك
سىفاتى. «تىر» ئوق دىگەنلىك بولا، «ئانداز» مەغنەسى:
قىلىۋچى، ئويناۋچى دىگەندەي «چى» قوشىمچاسى بۇلا.
مەسەلەن: ئاش قىلىۋچى، ئاشباز - دىگەندەي. ئوق ئاتى-
ۋچى ياكى تىر ئانداز دىيىلە.

بۇ ئيكى زاتنىڭ خاسىيەتلەرى، كارامەتلەرى ھەم ئەۋلىيالىقلارى تورىنداغى جامائەتنىڭ كۆز قاراشلارى ئوخشاشدىر. ئالارنىڭ خەيران قالارلىق ئىشلەرىن ئاشـ كارا كۆرگەنلەر. ئىشانماۋچىلار ئۆلەرمىشلەر. شۇنىڭ ئۈچىندە تورا ياخشى نييەتتە بولىپ خۇرمەت قىلىۋدان باشقا ئامال يوقلىغىندان، جيرلى خالقنىڭ رىغەيە قىـ لىۋلارى تولق بولغان. ئانىسىن ياخشىلىق ديدىم: «ئىزا تەخەييەرتۇم قىلىئومۇر فەستەغىنۇ مىن ئەھلىلقۇ بور» (مەغنەسى: «بىر ئىشكە خەيران بولغاندا، قەبىردەگىـ لەردەن ياردەم سۇراغىز») ديگەن سۆزگە يابىشىپ ئالـ غان ئۇشىندي بىر ئىيلنى كۆردىم.

ئوشى لۈكچىن، بازارلى، سەۋدا - تيجارەتلى بىر شەھەردىر. دۇنگەن خالقى ياساغان زور مەسجىد بار. خاتىن - قىزلارى ئەدەپلى، كۆركەم خۇلقلى. بۇ شەـ ھەرنىڭ ياكي باشقا جيرلەرنىڭ بولسىن، بۇتۇن ئالتى شەھەر خەلقىنا ئوخشاش خاتىن - قىزلارى، ئيرلەردەن يەشىرنىۋ، بيتىن يابۇ غادەتلەرى يوق، يات كىشلەرگە كۆرىنمەۋنى ئۆزلەرىنچە زور غەيىب سانيلار. يۈز كۆزىـ ندە هيچ غەيىبى بولماغاچ، بازار كۆچەلەرىندە پەرەنـ جەسىز يۈرەبيرەلەر. بۇلارنى ئۇياتسىز ديپ تۆھمەت قىلىۋ ئىنسافدان ئيمەس. ئيغتىقاتلارى كۆچلى فاخشەـ لەرى ئاز، بەلكى بۇتۇنلەي يوق ديەرگە بولا. دينىنى تۇتۇدا باشقا ئيللەرنىڭ خاتىن - قىزلارىندان كيم تۇـ گىل. دۇنياۋي تۇرمۇشتا، ئىشتە - ئاشتا باشقالار بىلەن تيڭ بولۇنى تالاشميلار.

## دىغار ئاۋلى

لۈكچىندەن جىيدەمىش يول مىقدارى جىيردە دىغار ئاۋلى بولىپ، بۇندا قارا ساقال خوجە دىگەن ئەۋلىيەنىڭ قەبرى بار. بۇ غەزىنىڭ گۈنبەزى تۇرفان رايونىنىڭ جەنۇبى چىگىراسىدىر. بۇ زاتنىڭ ئەۋلىيەلىگى بۇرۇن بىلىنمي كيلگەن ئىكەن. بىر مىڭ ئىكى يۈز ئىككىنچى يىللار چاماسىندا مەغلۇم بولىپ زىيارەت ئورنى بولغان. بۇنىڭ قىسسەسى تۆبەندەگىچە: خەزىر شول قەبىرنىڭ چىراقچىسى سابىيت ئاخون، ئاتاسى شەيىخ نىياز، ئانىڭ ئاتاسى مەكلىك نىياز ئوتىن ئالماق بولىپ بۇ جىيرگە كيلە. ئاتىن پىچەنگە قويىپ، ئوتىن چابىپ يۈرگەندە قوم ئاستىندان بىر ئاغاچ كۆرىنە. كيتمەن بىلەن قازىپ بىر - ئىكى ئاغاچىنى قازىپ چىغارا، ھەم بۇ ئاغاچلار مۇندا قالايچا كۆمىلگەن، دىيپ غەجەبلەنە. قازىپ بىر نيچە ئاغاچلارنىدا چىغارا. ئاستىندان ئىكى دانا كۈيدىرلگەن كيرپىچ كۆرىنە. يەنە قازىپ نى بار دىر دىيپ قازا - قازا كيچ بولا. ئانىدان ئاغاچلارنى ئارباسىنا باسىپ ئىكى كيرپىچنىدە تاشلامي ئالىپ ئۆيىنە قايتا. ئىيرتەن تاغى بارىپ نى بولسادا قازىپ كۆريم، بولماغاندا ئوتىن بولسادا ئالارمىن دىگەن ئويدا بولىپ، يۇقلاۋغا ياتىپ تۈش كۆرە. تۈشىندە ئالدىنا بىر قارا ساقاللى كىشى چىغىپ: «مىينىم قەبرىمدە نى خاقىڭ بار؟ ئا-

غاچ، كيرپىچلەردىمدە نى ئورتاقلىغىنىڭ بار ئىيدى؟ ديپ
قورقىتىپ ياقاسىندان ئالا. بيچارە مەگىلىك ئاخۇن
قورقىپ ـ شاشىپ: بىلمەيدىم غەپۇ قىلىڭىز، ديپ، يىـ
غلاپ يالىنا، خوجانىڭ ئاچچىقى باسىلىپ: سىين بىلـ
مەگەنلىكدەن قىلدىڭ، ئيندى ئالغان نەرسەلەرنى كيـ
تىرىپ ئورنىدا قوي، دييەدە، غايىپ بولا. مەگىلىك ئاـ
خۇنىدا ئانىڭ قولىندان قۇتۇلغانىنا قۇۋانىپ «ئۇھ»
ديپ يوقىسىندان ئويانا. دەرخەل ئاغاچ ـ كىرپىچلەرنى
ئاپارىپ ئورنىنا قويا. بۇ ۋەقيغەنى زاماناسىنىڭ ۋاكىـ
نا خيكايە قىلىپ خەبەر قىلا. ۋاك خەزىرەتلەرى ئادام
قوشۇپ تيكشىرىپ كۆرسە، بۇرۇنىدا گۇمبەز بولغان بـ
يلگىلەرى سيزىلە. ئاندان نى بولسادا خۇرمەتسىز قەـ
بىر بولماس، بىر خاسىيەتى بولماسا گۇمبەزى بولـ
ماغان بولۇر ئىيدى ديپ، مەگىلىك ئاخۇنغا: بۇگا ئۆزـ
گىز باش بولىپ بىر گۇمبەز ياساغىز. ئىشلەۋچىلەرنىڭ
خاقىن، باشقا راسخوتلارىن مين بيرەمىن ديپ بۇيىرا.
شۇنىڭ بىلەن گۇمبەز ياسالىپ مەگىلىك ئاخۇن چىراقـ
چى بولا. ئەۋۋەلگى تابىلمىش ئىيكى كيرپىچنى گۇمـ
بەزنىڭ ئۇستىنە قويغانلار، ئالار ئەلىدە بار. ئۈچ
بۇرۇچلى بولىۋىنا قاراغاندا، ئەۋۋەلدە گۇمبەر ياسارغا
مەخسۇس قۇيىلغان كيرپىچ بولسا كيرەك. گۇمبەز بىـ
تكەنىدەن سوڭ ئول ئەۋلىيە يەنە شەيىخنىڭ تۇشىنە
كىرىپ رازى بولغانلىغىن بىلدىرىپ مەگىلىك ئاخۇنغا:
سين بۇ جيرگە قاۋىن ئىيك، ئۆزىڭەدە ھالالارىڭادا

جيته دييە. مەگىلىك: بۇ سۇسىز ۋە ئىسسىق چۆلدە نيچىلىك قاۋىن ئىگەرگە بولىر؟ شەھەر يىراق ئادام يوق بايا-باندا قايسى تەرىيىقەدە تۇرارمىسن دييە. خوجا: سين مينىم سۆزىم بويىنچا ئىشلە، قالغانىنا ئاللا بار دييە. شەيىخ خوجانىڭ بۇيىرىقى بويىنچا ئارقالاپ سۇ تا-شىپ قاۋىن سالا، قاۋىنلارى بىيگىرەكدە ياخشى بۇلا. ئادامىلەر خەيرەن قالىپ: «ئەۋۋەلدە مەگىلىك ئاخۇن جى-نلانىغان، سۇ يوق جيردەن رىزىق ئىزلى، ديگەن ئىي-دىك، ئيىندى بىزدە قاۋىن ئىگەر ئىدىك، رۇخسەت قى-لساگىز» دىيپ، ئالاردا مەگىلىك ئاخۇن بىلەن يولداش بولالار. كىشىلەر كۆبەيگەچ ئاقىللىلارى: بۇ جيرنىڭ سۇ ئورنى بىيك تۆبەن بولماسا كيرەك، دىيپ كارىز قازالار. خەزىر بۇ گۇمبەزنىڭ دۆرت تارافىندا كارىز بۇلىپ، قىرىق ئۆچ ئۆيلى كىشى ئۇشى جيرگە ئورىنلاشىپ بىر كىچىكەنەرەك ئاۋىل قۇرغانلار. قاۋىنى بىيك لەززەتلى شيرىن ئيكەن. ئاشاساغىز شيكەر كىبى قىرسىلداپ تۇرا. ئورنى تۇرفاننىڭ جەنۇپ تارافىندا بولىپ، ئانىڭ ئارياغىن چۆل تاۋ ديلەر. ئاندان جىگىرمە كۆنلىك يى-راقتا لوپ سۇۋى بار، خالقى كۆچىپ - قونىپ يۆرەلەر. شەرىق تارافى قۇم تاۋ. ئاندان ئون بيش كۆن يۆرگەن-دە سۇجۇ شەھەرىنە بارا. بۇ ئيكى ئارادا ھيچ بىر ئادام ياكى خايۋان يوق، چۆپسىز - سۇسىز قۇرقىنچلى چۆل دىيپ ئەيتەلەر. بەلكي شولايدىر.

# تەسبىغ تاش

قارا ساقال خوجا مازارىنى زىيارات قىلىپ بارغاندىمىز-دا، دىغارنىڭ ئاق تاشلارى بار ئۇل تەسبىغ تاش ئاتا-لىپ، مەشھور دىر ديدىلەر. ئانى ھەر تۈرلى مۇبالىغە ماقتاۋلار بىلەن سۆيلەگەنلىكلەرىندەن، ئۇل جيرگە بارىپ كۆزىمىز بىلەن كۆرىرگە تىلەدىك. شەيىخنىڭ ئوغلى بىلەن ئيشەگىنى ياللاب ئالىپ، يولداشىم خاجى ئىسماغيل ئەفەندى بىلەن ئاق تاش چىغا تۇرغان جير-گە كيتتىك. يوغاردا ئەيتىلگەن چۆل تاۋ بىلەن قۇم تاۋنىڭ قوشىلغان جيرىندە بىر ۋادى يەغنى سايلىق ئورنىندان تاۋىپ تەبەرۇك ۋە بۆلەك ئۆچىن بىر قانچا تاش ئالدىق. كىشىلەرنىڭ ئەيتۇۋىنچە بۇ تاشلار ھەر ۋاقت بىر ئورنىندان تابىلمي ئيكەن. بىر ئورنىندان ئيـ-كىنچى ئورنىغا جيل كۆچى بىلەنمى كۆچىپ تۇرا ئيـ-مىش. ئەۋۋەلگى ئورنىن قوم باسىپ ئيكىنچى ئورنىدا ئاچىلىپ تەقدير بويىنچە بۇ يىل بۇ جيردەن تابىلسا، ئيكىنچى يىلى ئۇل جيردەن تابىلمي، باشقا جيردەن چىغا ئيمىش. شۇنىڭ ئۆچىندە تاش ئىزلەب بارۇچىلار دۆرت - بيش كۆن ئىزلەسەلەردە تابالمي قايتار ئيمىش. يەنە ياز كۆنلەرى ئىستىق ھاۋادا زور تاشلار يارىلىپ-ئاتىلىپ كىچكەنە پارچالار ئاسماندان تۈشكەن مۆز بور-چاقلارىنداي ياۋار، ديپ سۆيلىدىلەر. بۆل سۆز غاقىلغا يىراق بولسادا «راس شولاي» ديپ ئەيتەلەر. يەنە ئانى

دۇلدۇلنىڭ كۆز يەشى دېۋچىلەردە بار. بۇ تاشلارنىڭ خاسىيەتى شۇكي، سىگىز داناسىن ئۇيدە ساقلاسا، ياكي تۇمار قىلىپ بويىنغا ئاسسا، ئۇل كىشىگە بەلە يولۇقمەي، خاتىن كىشى چەچىنە تاقسا ئىنسافى كۈچلى بولا، بالا تۇئاردا ئاياغىنا بەيلەسە ئوڭاي بۇشانا، دىيپ ئىشانالار. مۇندان باشقادا خاسىيەتلەرى كۆپ ئېمىش، بارلىغىندا يازدۇ خاجەتسىز. بۇ تاشلارنىڭ چىغا تۇرغان ئورنى قۇم تاۋ ۋاداسىنىڭ بىر بۆلىگىندە. بۇ قۇم تاۋ بۇرۇنغى زاماندا گۈللەنگەن جىر بولىپ، ئاندا توغىز زور شەھەر بولغان. ئاللانىڭ غەزەبى بىلەن بارلىغىدا قۇم ئاستىندا قالىپ يوغالغان. ئەگەر شول شەھەرلەرنىڭ ئورنىدا تۈنىدە بارىپ قونساڭىز، ئادام تاۋشى، ئىيشەك تاۋشى، ئەتەچ قىچىرىۋى شىيكىللى تاۋشلار ئېيشىتلىپ، كىشىنى قوقىتارمىش. بۇ سۆزلەر چىن بولسا ئىختيمال ئاندا جىن-شايتانلار ئوردى تۇتقان دىيلەر. بۇ سۆزلەرگە قاراپ، شوندي غەجايىپلارنى تۈشىنمەك ئۈچىن، يولداشىم خاجى ئىسماغىيل ئەفەندى قايتا-قايتا مىينى بارىرغا زورلاسادا، ئۇل جىيردە قورقىنچلى قۇم بورانلارى بولغانلىغىندان بارغان كىشلەر يوغالىپ كىيتۇ خەۋفى بولا، دىيگەن سۆزلەردەن قورقىپ بارالمادىق. بۇ يولى ئوشى بىلگەنلەرىمىزگە قەنەغەت قىلىپ: سەلەمەت بولساق كىيلەچەكتە «جىيدى قىز» دىيگەن ئورنىنى ھەم بۇ شىيكىللى غەجەيىپلەرنى زىيارەت ساياھەت قىلارمىز. بارلىغىن بىر يولدا بىتىرىپ قايتساق ئىيكىنچى كىيلۈگە سىلتاۋ قالماس، — دىيپ يولداشىنىڭ كۆڭلىن

ئەرەن تىندىرىپ سەفەرىمىزدەن قايتتۇق.

يوغاردا يازىلغان جار دىگەن جىيردەن ئارغى جىير-لەرنىڭ بارلىغى كارىز بولۇپ، ئاغىن سۇ فەقەت ئاستانا، لۇكچىن ۋە باغرىداغىنا ئىكەن. كارىز سۇلارى ئەۋۋەلدە سايازدان چىقا ئىيكەن، بارا - بارا تىيرەنلەپ كىيتكەن. بۇنى خەزرەتى ئاففاق خوجامىنىڭ دۇئاسىنا كىيتكەن دىيلەر. خەزرەتى «ئاففاق خوجا غەلەيە رەخمەتولۇۋاھاب بالاتەفاق ئەۋلىيائى ئالا» (مەغنەسى: خۇداي رەخمەت قىلغىر ئاففاق خوجانى كۆپچىلىك ئالانىڭ ئەۋلىيەلەرىن-دەن دىيپ تانىيلار) ئالتى شەھەر ئاھالەسى شەيىخ، ئۇستازلار ھەم بارلىق خالقى ئاڭا مۇرىد ۋە ئىيخلاس-مەن بولغانىڭ سىرتىندا ئانىڭ پاددىشاھلىق مەرتەبەسىدە بار. ئۇل قۇمۇل شەھەرىنەچە ئىيەلەپ، خۇكۇمىن يۈر-گىزىپ تۇرغان. بىر ۋاقىت تۇرفان شەھەرىنە كىيلىپ تۇرغاندا، ئاندا ئىيگەن سالدىرىپ، بىر كۆنى ئىگىنلەرىن سۇئارماق ئۈچىن، بىر شەكىرتىن كىيتمەن بىيرىپ سۇ ئاچارغا جىبەرە. ئىيگىنچىلەر ئاڭا سۇ بىيرمەي، شەكىردىنى ئۇرۇپ، قوۋلاپ جىبەرە. ئاففاق خوجا رەنجىپ، بۇلارنىڭ مىيھنەتى ئاۋىر بولسىن ئۈچىن: «بۇ جىيرنىڭ ئاستى كۆل، ئۈستى چۆل بولسىن» دىيپ قارغاغانلىقدان كارىز سۇلارى تۆبەنلەپ كىيتكەن. خەزىر تىيرەنلىگى ئوتىز - قىرىق قولاچ قازىلغان كارىزلار بار دىيلەر.

تۇرفان دائىرەسى بارلىغى بىيش بۆلەككە بۆلىنە: بىرسى تۇرفاننىڭ ئۆزى. ئىيكىنچى لۇكچىن، ئۈچىنچى توقسۇن، دۆرتىنچى ئاستانا، مۇرتۇق، سىينگىم، بىيشىن-

چىسى تۇيۇق، ياڭخي، خامدۇ (خاندۇ)، لەمجىن، پىچان سۇ باشىدىر. بۇ بەش تۆبەدە ئۈچ يۈزدەن كۆپىرەك مەسجىد بار دېلەر. بارلىق كۆلەمى ئۇزۇنغا ۋە تۇراسىنا تەخمىنەن يۈز، ئىكى يۈز مېىل بولىدۇ. «ۋاللاھۇ ئەغلەم بىكاماله ۋە بىكۇنهۇ ۋە تەمام» (مەغنەسى: «ئانىڭدىن ئاللا بىلەدى»). ئىندى مىن ئۇشىنچالىق بىر باشلانغىچ يازدىم. بىرقانچا ئەفسانەلەر بولسادا، فەھمىسىزلەرگە تۆرلىچە كۆرلىسەدە، ئاقىل ئىيەلەرىنە تۆشىنىكلى. لەكىن بۇ خىكايەلەرنى ئەسخاب كەھفىنىڭ ئەخۋەللەرىن يازغانىمىزغا تۇرالماق ئۈچىن شول جىيرلەرنى كۆردىك. چۈنكي ئىشتكەندەن، كۆرگەن ياخشى ئىمەسمى! «ۋاللاھۇ ئەئلەم بىھالھى بىمامەزا ۋە مائەله ئەسخاب كەھف رەخمەھۇللاھۇ تەئەله ۋە رازىيالاھۇ ئەنهۇم» (مەغنەسى: «بۇ ئۆتمىش ئەخۋەللەرنى ئاللا ئۆزى بىلەدى. خۇدانىڭ رەخمەتىنە ئىرىشىپ ئاللا رازى بولغىر ئەسخاب كەھف خەزىرەتلەرنى ساياخەت قىلىۋ مۇناسىبەتى بىلەن) يۈرگەن جىيرلەر ۋە كۆرگەن شەھەرلەر، ساياخەت قىلىنغان ئەۋلىيەلەر مازارلارى خەقىندە ئىشتكەن رىۋايەتلەرنىڭ بارلىغى ئۇشىنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى: «ئاللاھۇممە ئەنسۇرنا ۋە جەمىھۇ مەن نەسەرۇنا ئاللاھۇممە ئەئنەنە ۋە ئەلا ئىئانەنا. ئىنەكە ناسىرۇن ۋە مۇئىنۇن ۋەلا نەستەئىمىن بىغەيرىكە ياﺋاللا» (مەغنەسى: «ئي ئاللا بارلىق نۇسرەت تابىۋچىلار قاتارىندا مىڭا نۇسرەت بىير، ئي ئاللا بارلىق ياردەمىڭدەن مىڭادا ياردەم قىل. سىن ئەلبەتتە نۇسرەت بىيرۇچىسىڭ ياردەم

بىرۇچىسىنىڭ سىيىدەن باشقا ياردەمچى يوق. مېنى سېنى-
دەن باشقا ھېچ بىر شەيئىدەن ياردەم تىلىمەيمەن، ئى
ئاللا سەن ھەممەمدەن مېھرىبان سەنسەن»).

## ئىككىنچى بۆلۈم

بۇ بۆلۈمدە چىن مەملىكەتى خۇكۇمىرانلىقىدىكى
دۆنگەن خالقىنىڭ ئىسلام دىنىنى كىرگۈزۈشى، ئۇشى غە-
سىرەگى پاددىشاھلارنى قارشىلىق قىلىپ سۇغىش ئاچقان
ۋاقىيغەلەرنى ئەيتىپ كىرىشەمىز. چۈنكى كىتابىمىزنىڭ
باشىدا يازامىن دىگەن ۋەغدەمىز بوش سۆز بولىپ
قالماسىن.

گەرچە بۇ خىكايە بۇرۇندا بىر تالاي كىشىلەردەن
ئىشتىلىپ كېلىنگەن بولسادا، غالىپلەرنىڭ سۆزى باشقا-
لارغا قاراغاندا ئاساس كىبى بولغانلىقدان، كىتابىمىزنىڭ
باشىندا ئەيتىلگەن دۇب ئاخۇن سۆزلەرىندە يازىلغان
ئىدى. بۇ كىشى دۆنگەنلەرنىڭ مۇدەررىسى ئىكەنلىگىدە
ئەيتىلگەن ئىدى.

ئانىڭ سۆزىندە - چىن مەملەكەتى ئون سىگىز
سىڭ دان غىبارەت بىر تائىپا خۇكۇمىندەگى. دۆنگەن
قەبىلەسى خىتايچە «خۇي خۇي» دىپ ئاتالا، بۇلار ئىي-
كىگە بۆلىنەر، بىرسىن نىگىزگىلەر. يەنە بىرسىنى سەمەر-
قەنلىكلەر دىلەر. سىڭ - ئۆلكەنىڭ ئاتالىشى بولىپ، بىر-
سىگى نىچچە گوبېرنا (ۋىلايەت) لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالا.
ئىلك بۇرۇندا ئىسلامغا كىرگەن خاننىڭ ئىسمى تاڭۋاڭ،

پايتەختى شانچەن شەھەرى. تۇشۇ شانچەن ۋىلايىتىدە ئۈچ غەزىزنىڭ زىيارەتگاھى بار دېلەر. بىرسىنىڭ ئىسمى ۋەيس، ئىككىنچىسى قەيس، ئۈچۈنچىسى ۋاڭگازى، دېيىپ ئاتالادۇ.

دۇنگەنلەرنىڭ باشتا ئىسلامغا كىرۇلەردىن تۆۋەندە-كىچە سۆيلىلەر: پايتەخت بولغان شانچەن شەھەرىدە تاڭ ۋاڭ ئىسمىندە ئاۋانىنىڭ خانى بىيك غەدالەتلى بولىپ، زاماناسىندا مەشھۇر ئىكەن. كۈنلەردەن بىر كۈنى يۇقلاپ تۈش كۆرە. تۈشىندە ئاقسالللى، بىيك نۇرلى ماڭلايلى، يارقىن يۈزلى، باشىندا ئاق چالما، ئۈستىندە يەشىل چاپان، بىر قولىندا تەسبىخ، ئىككىنچى قولىندا تاياغى، باشىنا كۆتەرگەن بوقچاسى بار. بارلىق ئەخۋەل پادىشاھنىڭ ئوياۋ ۋاقتىنداغىنىڭ تىسكەرسىنچە كىلەدە پادىشاھ بىلەن كۆرشە. ئارادا سۆخبەت باشلانا، ئۆتكەن زامانلاردان كۆپ خىكايەتلەر سۆيلەنە، ئىيك ئاخىردا جاناب رەسۇل ئەكرەم ساللاللاھۇ تەغەلە غەلە-يھى ۋەسەللەم خەزرەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىگى ۋە سىفات-لارنى تۇرسىندا ئەيتكەندەن سوڭ، ۋافات بولغانلىغىنى ۋە ئانىڭ ئۈممەتلەرىنىڭ خەللەرى، غەمەللەرى ھەم ئاللا ئالدىندا قەدرلى بەندەلەر ئىكەنلىگى تۇردىندا كۆپ مىساللار سۆيلى. ئىسلام دىنىنىڭ راسلىغىندان خەبەر بىرىپ: - ئەي ئوغىل ئاتا - بابالارىڭ بارلىغىندا قاراڭغىلى-قتا قالىپ، ئازغىنا كۈن دۇنيا رەختىن كۆرسەدە، ئاخىرەتتە ئازاپتا قالدىلار. سىن بولساڭ غەدىللىكتە باش-قالاردان ئارتىق، ئەخلاغىڭ مۇسلمانلىقا لايىق كىش-

سىلىك. سىپنى ئاخىرەتتە ئازاپلىلارمى دېپ خەۋپلىنىپ نەسىھەت قىلامەن. ئاتا - بابالاردىكىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ، ئاللارنىڭ يولىدىن قايىت. ئۇشى بۇقچادىكى نەرسە قۇرئەن ئاللانىڭ سۆزى، ئۇل ئاخىر زامان پەيغەمبەرى مۇخەممەد مۇستاپا ساللاللاھۇ تەئەلەئەلەيھى ۋە سەللەمگە ئاللا تارافىدىن بېرىلگەندىر. شول پەيغەمبەرگە ئىمان كېلتىر. ئۇشى كىتاب بويىنچا ئىش قىل شۇندا، غىنا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەخەتتە بولاسىلىك، دېپ يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ۋەغزە ئەيتىپ كۆڭلىنى ئوياتىپ، ئۈستىندەگى چاپان، باشىندىكى چالما، تاياغىنى، تەسبىغىنى بوقچا ئىچىندەگى كالام شەرىف بارچاسىنى بېرىپ چىقىپ كېتكەنمىش. شول ۋاقىتتا ئىشكىدەن يەنە بىر كىشى كىرەدە: «ئەي بالا! سىڭا كېلىپ نەسىھەت قىلغان كىشى كىم ئىكەنلىگىنى بىلەمسىڭ» دېپ سورى. پادىشاھ:

— بىلمىيم، دېگەندە بۇ كىشى سۆزگە كىرىشىپ: «ئۇل كېلگەن كىشى سېنى ئاتا - باباڭنىڭ دىنىندەن چىغارىپ باشقا يولغا تۈشىرىپ دەۋلەتىڭنى تۈزدىرماقچى بولىپ يۈرگەن دۈشمان. ئانىڭ سۆزىنە ئالدانما، دىنىڭنى بۇزما، ئاتا - بابالىڭ شۇنچا زاماندان بېرلى خۆكۈمەت تۇتىپ پادىشاھلىق خۆزۈردىن، دۇنيانىڭ رەخەتىنى كۆرىب، مۇنچا مەملىكەتلەرنى باشقارىپ كېلگەن. ئاللارنىڭ ئاقىلى سېندەن ئازمى؟ ئەگەر سېن ئۇل كىشىنىڭ سۆزىنى كىرىپ دىنىڭنى ئۆزگەرتسەڭ، خالقىڭ سىڭا قارشى چىقىپ ئۆزىڭنى ئۆتىرگەندەن كەيىن، بالالارىڭىڭدا خالىق ئالدىندا

قەدىرى قالماس»، دېپ تېرىس يولغا باشلاپ ئازدۇرۇچى سۆزلەرنى ئەينەدە غايىپ بولا.

پادىشاھ بۇ تۈشلەرنى كۆرۈپ يۈرەك ئويانا. قاراسا ئەۋۋەلگى كىشىنىڭ بېرىپ كېتكەن نەرسەلەرى ئوياۋ ۋاقىتتاغىداي بارىسىدا تۈگەل قاشىدا تۇرا. ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزى كۆڭلىدەن ئۇنتۇلماغان. بۇڭا خايران بولۇپ تۈشتە كۆرگەن نەرسە ئويانغاندا يوق بولۇپ كېتسە كېرەك ئېدى. غەجەپ ئىش دېپ ۋەزىرىن چاقىرىپ تۈشلەرىن ئەيتە. ھەم نەرسەلەرنى كۆرسەتە. ۋەزىردە خەيرەن قالا، نى دېيەرگەدە سۆز تابالمىي ئاپىرى. ئاندان پادىشاھ زور مەجلىس ئاچىپ ئىلىندەگى بىلىملى كىشىلەر، غۇلەمە - خۇكۇمەلەرىن جىيىپ، كۆرگەن تۈشلەرىن سۆيلەپ نەرسەلەرىن كۆرسەتە. غالىملار كەلەمۇللانى ئاچىپ قاراسالار بۇلارنىڭ يازۇۋىنا ئوخشامى. مەجلىستەگى كىشىلەر: «بۇ بىيكەر نىيگىزسىز تۈش ئېمەس، ئانىق تۈش، ئاللا ئۆزىنە ياقىن بەندەلەرى قاتارىندا ئورىن بېرۇ ئۈچىن نەسىيغەتچى جىبەرىپتى. راسلىغىنا دەلىل - ئىسپات بولىۋغا بۇ نەرسەلەر بار. بۇل غەلەمەتلەرگە قاراغاندا ئەلبەتتە ئەۋۋەلگى كىشىنىڭ سۆزى تۇرا، ئىككىنچى كىشىنىڭ سۆزى يالغان ئىيكەنلىگىنە ئىشاندىق. ئەي پادىشاھ! غالەمگە پاناھ بولىۋچى سىڭا خوش خەبەر بولسىنكى خۇدا بۇ دەۋلەتنى بېردى، سىزنىڭ سەبەبىڭىز بىلەن بىزگەدە ياخشىلىق ناسىپ بولسىن» دېپ بارلىغى قۇۋانالار.

